# قورۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاش قوللانمىسى





تۈزگۈچى :
ئابدىكېرىمجان مۇئەللىم
مۇھەممەتجان ساۋۇت

# تۆز گۆچىدىن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇھتەرەم ئوقۇرمەن:

مەلۇم بىر كەسپنى تاللاپ ئۇنىڭ بىتەكرار پۇرسەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۇنى بېجىرىپ: ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇش ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەمما بۇ ئارزۇنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈش ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر كەسپتىن ئېرىشىدىغان نېسىۋىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ھاياتتا ئادەمنىڭ تۇتامغا چىققۇدەك ئارزۇسى بولمىسا، ئۇنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ. ئەمما ئارزۇلا بولۇپ ئۇنىڭغا ئىنتىلىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەت بولمىسا، بۇمۇ ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. قىسقىسى ھەربىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر كەسپتىن نەتىجە قازىنىشى ئۇنىڭ شۇ كەسپكە تۇتقان پوزىتسىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئىنسان تەبىئىتىدە ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئورتاق بىر خائىش بار. ئۇ بولسىمۇ باياشات، خاتىرجەم، ئەھمىيەتلىك ياشاش. ئەپسۇسكى بۇ ئىستەككە نائىل بولالايدىغانلار تولىمۇ ئاز. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشىنى قامداپ ئۆتىدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئۆگىنىۋاتقان بۇ كەسپىمىز خەلقنىڭ ساغلاملىقى، ھاياتى بىخەتەرلىكى، ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدىغان شەرەپلىك كەسپ. شۇنداقلا جاپالىق كەسپ. بىز مۇشۇ كەسپ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ چىقىش يولىنى ئىزدەيدىغانلا، لېكىن بۇ ئاسان ئەمەس. دېمەك مەلۇم بىر كەسپتىن ئۆزۈڭگە يارىغۇدەك ھوسۇل ئېلىش مۇشكۈل شۇنداقلا ئۇزۇن جەريان ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ھەربىر ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغىنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بېغىشلىغىنىغا يارىشا بولىدۇ.

تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا مەلۇم كەسپىي بىلىم مول ھەم رەڭگارەڭ بىر خەزىنىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ھەممىلا ئادەمگە ئوخشاش قۇچاق ئاچىدۇ، ھەممىلا ئادەمگە يېتىپ ئاشىدۇ. ناۋادا سىز ئۇنىڭدىن تولۇق بەھرىمان بولاي دېسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا تولۇق بېغىشلىشىڭىز كېرەك. خۇددى سۇغا يېقىن بارماي تۇرۇپ ئۈسسۇزلۇقنى قاندۇرغىلى بولمىغاندەك، مەلۇم كەسپكە چوڭقۇر چۆكمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. مانا بۇ شۇ كەسپكە بولغان پوزىتسىيە مەسىلىسى. ئەگەر سىز ئىزچىل شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە ئۆگىنىۋاتقان كەسپكە نىسبەتەن بىپەرۋا پوزىتسىيەدە بولسىڭىز ئۇمۇ سىزگە سوغۇق پوزىتسىيەدە بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ئىللىق بولۇپ باقسىڭىز ئۇمۇ سىزگە ئىللىق بولۇپ باقىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا زەررىچە نۇر ئاتا قىلسىڭىز، ئۇ سىزگە بىر قۇياشنىڭ تەپتىنى ئاتا قىلىدۇ.

ھەممىڭىزگە ئايان ھەرقانداق بىر كەسپ مۇھەببەتتىن بىخلىنىدۇ. ئەقىدىدىن كۆكلەيدۇ. قىزغىنلىقتىن پەرۋىش تاپىدۇ. ئىزدىنىشتىن ياشىرىدۇ تەدبىردىن باراقسانلىيدۇ. تەپەككۇردىن يۈكسىلىدۇ. پاراسەتتىن چېچەكلەيدۇ. ئەخلاقتىن رەڭلىنىدۇ، ھېكمەتتىن مېۋە بېرىدۇ. ئۇتتۇقتىن ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەيدۇ. ساۋاقتىن كېيىن [illegible] سىز [illegible] كەسپىڭىز [illegible] ئېچىپ ئۇنىڭ ئۆزگىچە مۇڭىدىن بەھىر ئالاي دېسىڭىز، ئىچكى دۇنياڭىزنى شۇ كەسپكە بېغىشلاپ دەۋەتلەرگە قۇلاق سېلىشىڭىز كېرەك.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن! ھوزۇرىڭلارغا سۇنۇلغان «**قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان پەللەر ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا**» دېگەن بۇ قوللانمىدا جۇڭگو تېبابىتىنىڭ ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇلىدىن بىرسى بولغان، قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاش ئۇسۇلى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەللە، يىڭنە سانجىپ داۋالاشنىڭ ئەۋزەللىكى، يىڭنە بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ساۋاتلىرى، يىڭنە سانجىپ داۋالاشنىڭ ياسقۇچلىرى، يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار، ھەر قايسى ئۆتكۈنچى يوللار، قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق پەللەر ۋە قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان كېسەللىكلەرنىڭ ئاساسى ۋە قوشۇمچە پەللىرى توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە بېرىلىپ، يىڭنە سانجىش كەسپىگە قىزىققۇچى كەڭ تېببى خادىملارنىڭ بۇ كەسپنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولغان، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدا يېزىلغان ماتېرىيالنىڭ يوقلۇقى ۋە ماتېرىيال بولسىمۇ مەزمۇنىنىڭ كۆپ، مۇرەككەپ، چۈشىنىش قىيىن، پەللە ئورنىنى تېپىش تەس بولۇشتەك شارائىتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ بۇ كەسپكە بولغان چۈشەنچىسى ۋە بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرىمىز ۋە ئۇستازلىرىمىزنىڭ كلىنىكىلىق ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاپ، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى، مەزمۇنى ئاددىي چۈشىنىشلىك بولغان «يىڭنە يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان پەللەر ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا» دېگەن بۇ قوللانمىنى تۈزۈپ چىقتۇق.

كەسپىي سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن بۇ قوللانمىدا مەلۇم نۇقسانلار بولۇشى تەبىئىي. بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىي ئۇستازلار ۋە كەسىپداشلىرىمىزنىڭ بۇ قوللانمىغا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچىدە بولۇپ تەنقىدى تەكلىپ ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

بىلىمنى دائىم بىلىملىكلەر ئىزدەيدۇ،
بىلىم تەمنى ئەي دوست بىلىملىك بىلىدۇ.
بىلىگكى بىلىم قەدرىنى بىلىم بىلدۈرىدۇ،
بىلىمسىز ئەخمەق بىلىمنى نېمە قىلىدۇ.

—ئەھمەد يۈكنەكى

قارا يەر قەرىدىن تا ئەۋجى زۇھەل،
كائىنات مۇشكۈلىن بارىن قىلدىم ھەل.
كۆپ مۇشكۈل تۈگۈنىنى چۈشەندىم، يەشتىم،
ئېچىلماي تۈرغىنى بىر گىنە ئەجەل.

—ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا

# مۇندەرىجە

1. قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە: ......1
2. قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشنى ئۆگەنگۈچى تېببىي خادىملاردا بولۇشقا تېگىشلىك تېببىي ئەخلاق ئۆلچىمى توغرىسىدا: ......1
3. پەللە ھەققىدە چۈشەنچە: ......2
4. قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى ھەققىدە چۈشەنچە: ......2
5. قۇرۇق يىڭنە بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئادەتتىكى ساۋاتلىرى: ......2
1- پەللە ئېلىش ئۇسۇلى: ......2
2- دائىم ئىشلىتىدىغان يىڭنىلەر: ......3
3- يىڭنە سانجىشنىڭ ئالدىدىكى دوختۇر ۋە بىمار تەييارلىقى: ......4
4- قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ۋە يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: ......4
1) بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ۋە پەللە ئورنىغا ئاساسەن بىمارنى مۇۋاپىق بەدەن ھالىتىدە تۇرغۇزۇش: ......5
2) يىڭنە سانجىشتىن ئاۋۋال سانجىلىدىغان پەللە ئورنىنى دېزىنفېكسىيەلەش: ......5
3) يىڭنە سانجىشتىن بۇرۇن يىڭنىنى تولچەملىك تۇتۇشقا دىققەت قىلىش: ......5
4) يىڭنە سانجىش ۋە يىڭنە چىقىرىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ئاساستا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش: ......5
5) كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە بىر تەرەپ قىلىدىغان دورا ۋە سايمانلار تولۇق بولغان شارائىتاستىدا ماشغۇلات ئېلىپ بېرىش ۋە كۆتۈلمىگە ئەھۋاللارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش: ......6
6) بەدەننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا يىڭنە سانجىشنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى مۇۋاپىق بىكىتىش: ......7
7) پەللىلەرگە يىڭنە سانجىش بۇلۇڭىنى مۇۋاپىق تاللاش: ......8
8) پەللىلەرگە يىڭنە سانجىش پەيتىنى مۇۋاپىق تاللاش: ......8
9) يىڭنە سانجىپ داۋالاشقا ماس كەلمەيدىغان كېسەللىكلەرگە يىڭنە سانجىپ قويۇشتىن ساقلىنىش: ......9
10) ھەرخىل كېسەللىكلەرگە يىڭنە سانجىپ داۋالاشنىڭ مۇددىتى ۋە كۈندىلىك يىڭنە سانجىش قېتىمىنى مۇۋاپىق بىكىتىش: ......9
11) يىڭنىنىڭ پەللىگە چۈشكەن چۈشمىگەنلىكى ۋە يىڭنىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ بولغان بولمىغانلىقىنى ياخشى ئايرىش: ......10
12) ئەسكەرتىش: ......10
6. ھەر قايسى ئۆتكۈنچى يوللار ۋە ئۇ يوللاردىكى پەللىلەر: ......11
1- دۇ مەي ئۆتكۈنچە يولى (督脉) ......11
2- رېن مەي ئۆتكۈنچە يولى (任脉) ......12

3- قول ئۈچ مەنپى ئۈتكۈنچە يۆلى ۋە ئۇ يولدىكى پەللەر (手三阴经经穴)..........13

1) شوۋ تەي يىن فېي جىڭ (手太阴肺经)..........13

2) شوۋ شاۋ يىن شىن جىڭ (手少阴心经)..........14

3) شوۋ جۆ يىن شىن باۋ جىڭ (手厥阴心包经)..........15

4- قول ئۈچ مۇسبەت ئۈتكۈنچە يۆلى ۋە ئۇ يولدىكى پەللەر (手三阳经经穴)..........16

1) شوۋ ياڭ مىڭ دا چاڭ جىڭ (手阳明大肠经)..........16

2) شوۋ تەي ياڭ شياۋ چاڭ جىڭ (手太阳小肠经)..........17

3) شوۋ شاۋ ياڭ سەن جياۋ جىڭ (手少阳三焦经)..........18

5- پۇت ئۈچ مۇسبەت ئۈتكۈنچە يۆلى ۋە ئۇ يولدىكى پەللەر (足三阳经经穴)..........19

1) زۇ ياڭ مىڭ ۋېي جىڭ (足阳明胃经)..........19

2) زۇ تەي ياڭ پاڭ گۇاڭ جىڭ (足太阳膀胱经)..........20

3) زۇ شاۋ ياڭ دەن جىڭ (足少阳胆经)..........21

6- پۇت ئۈچ مەنپى ئۈتكۈنچە يۆلى ۋە ئۇ يولدىكى پەللەر (足三阴经经穴)..........22

1) زۇ تەي يىن پى جىڭ (足太阴脾经)..........22

2) زۇ شاۋ يىن شېن جىڭ (足少阴肾经)..........23

3) زۇ جۆ يىن گەن جىڭ (足厥阴肝经)..........24

7- كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۈتكۈنچى يول سىرتىدىكى پەللەر..........24

7. ھەرقايسى ئۈتكۈنچى يوللارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە داۋالايدىغان كېسەللىكلىرى..25

8. قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پەللەر: ..........28

1- باش ۋە بويۇن قىسمىدىكى ئاساسى پەللەر: ..........28

1. دۈي دۈەن dui duan 兑端..........28

2. رېن جوڭ ren zhong 人中..........28

3. سۇ لياۋ su liao 素髎..........29

4. يىن تاڭ yin tang 印堂..........29

5. شېن تىڭ shen ting 神庭..........30

6. چيەن دىڭ qian ding 前顶..........30

7. بەي خۇي bay hui 百会..........31

8. خو دىڭ hou ding 后顶..........31

9. چياڭ جيەن qiang jian 强间..........32

10. ناۋ خو nao ho 脑户..........32

11. فېڭ فۇ feng fu 风府..........32

12. يا مېن ya men 哑门 ........ 33
13. فېڭ چى feng chi 风池 ........ 33
14. تيەن جۇ tian zhu 天柱 ........ 34
15. تو ۋى tou wei 头维 ........ 34
16. جىاۋ سۈن jiao sun 角孙 ........ 35
17. شيا گۈەن xia guan 下关 ........ 35
18. تىڭ گوڭ ting gong 听宫 ........ 36
19. تىڭ خۇي ting hui 听会 ........ 36
20. يى فېڭ yi feng 翳风 ........ 37
21. چي مەي chi mai 瘈脉 ........ 37
22. يۈ ياۋ yu yao 鱼腰 ........ 38
23. ياڭ بەي yang bai 阳白 ........ 38
24. تەي ياڭ tai yang 太阳 ........ 39
25. زەن جۇ zan zhu 攒竹 ........ 39
26. چېڭ چى cheng qi 承泣 ........ 40
27. سى بەي si bai 四白 ........ 40
28. جۈ لياۋ ju liao 巨髎 ........ 41
29. يىڭ شياڭ ying xiang 迎香 ........ 41
30. دى ساڭ di cang 地仓 ........ 42
31. دا يىڭ da ying 大迎 ........ 42
32. جيا چې jia che 颊车 ........ 43
33. چېڭ جياڭ cheng jiang 承浆 ........ 43
34. يۈ يې yu ye 玉液 ........ 44
35. جىن جىن jin jin 金津 ........ 44
36. خەي چۈەن hai quan 海泉 ........ 45
37. شاڭ ليەن چۈەن shang lian quan 上廉泉 ........ 45

2ـ كۆكرەك قىسمىدىكى ئاساسلىق پەللەر: ........ 46

38. تيەن تۇ tain tu 天突 ........ 46
39. چى شې qi she 气舍 ........ 46
40. شۈەن جى xuan ji 璇玑 ........ 47
41. يۈ فۇ yu fu 俞府 ........ 47

42. دەن جوڭ dan zhong 膻中 ........ 48
43. رۇ جوڭ ru zhong 乳中 ........ 48
44. تيەن چى tian chi 天池 ........ 49
45. رۇ گېن ru gen 乳根 ........ 49
46. يۈن مېن yun men 云门 ........ 49
47. جوڭ فۇ zhong fu 中府 ........ 50
48. جوڭ تىڭ zhong ting 中庭 ........ 50

3- قورساق قىسمىدىكى ئاساسلىق پەللەر: ........ 51

49. جيۇ ۋېي jiu wei 鸠尾 ........ 51
50. جۈ چۆي ju que 巨阙 ........ 51
51. شاڭ ۋەن shangwan 上脘 ........ 52
52. جوڭ ۋەن zhong wan 中脘 ........ 52
53. جيەن لى jian li 建里 ........ 53
54. شى گۇەن shi guan 石关 ........ 53
55. شيا ۋەن xia wan 下脘 ........ 54
56. شۈي فېن shui fen 水分 ........ 54
57. شېن چۆي shen que 神阙 ........ 55
58. تيەن شۇ tian shu 天枢 ........ 55
59. يىن جاۋ yin jiao 阴交 ........ 56
60. چى خەي qi hai 气海 ........ 56
61. شى مېن shi men 石门 ........ 57
62. گۇەن يۈەن guan yuan 关元 ........ 57
63. ۋېي داۋ wei dao 维道 ........ 58
64. جوڭ جى zhong ji 中极 ........ 58
65. چۈ گۇ qu gu 曲骨 ........ 59
66. چوڭ مېن chong men 冲门 ........ 59
67. خۇي يىن hui yin 会阴 ........ 60

4- مۈرە ۋە يۇقارقى مۈچە قىسمىدىكى ئاساسلىق پەللەر: ........ 60

68. جيەن يۈ jian yu 肩髃 ........ 60

| | | | |
|---|---|---|---|
| 69. بى ناۋ | bi nao | 臂臑 | 61 |
| 70. چۈ چى | qu chi | 曲池 | 61 |
| 71. شوۋ ۋۇ لى | shou wu li | 手五里 | 62 |
| 72. جوۋ جيەن | zhou jian | 肘髎 | 62 |
| 73. شوۋ سەن لى | shou san li | 手三里 | 63 |
| 74. شاڭ ليەن | shang lian | 上廉 | 63 |
| 75. شيا ليەن | xia lian | 下廉 | 64 |
| 76. ۋېن ليۇ | wen liu | 温溜 | 64 |
| 77. پيەن لى | pian li | 偏历 | 65 |
| 78. ياڭ شى | yang xi | 阳溪 | 65 |
| 79. خې گۇ | he gu | 合谷 | 66 |
| 80. شاڭ ياڭ | shang yang | 商阳 | 66 |
| 81. جوڭ چوڭ | zhong chong | 中冲 | 67 |
| 82. لاۋ گوڭ | lao gong | 劳宫 | 67 |
| 83. دا لىڭ | da ling | 大陵 | 68 |
| 84. نېي گۇەن | nei guan | 内关 | 68 |
| 85. جيەن شى | jian shi | 间使 | 69 |
| 86. شى مېن | xi men | 郄门 | 69 |
| 87. چۈ زې | qu ze | 曲泽 | 70 |
| 88. شاۋ چوڭ | shao chong | 少冲 | 70 |
| 89. شاۋ فۇ | shao fu | 少府 | 71 |
| 90. شېن مېن | shen men | 神门 | 71 |
| 91. توڭ لى | tong li | 通里 | 72 |
| 92. شاۋ خەي | shao hai | 少海 | 72 |
| 93. جى چۈەن | ji quan | 极泉 | 73 |
| 94. شاۋ زې | shao ze | 少泽 | 73 |
| 95. خوۋ شى | hou xi | 后溪 | 74 |
| 96. ۋەن گۇ | wan guo | 腕骨 | 74 |
| 97. ياڭ لاۋ | yang lao | 养老 | 75 |
| 98. جى جېڭ | zhi zheng | 支正 | 75 |
| 99. يې مېن | ye men | 液门 | 76 |
| 100. جوڭ جۇ | zhong zhu | 中渚 | 76 |
| 101. ياڭ چى | yang chi | 阳池 | 77 |

102. ۋەي گۈەن wai guan 外关 ........ 77
103. جى گوۋ zhi gou 支沟 ........ 78
104. سى دۇ si du 四渎 ........ 78
105. شاۋ شاڭ shao shang 少商 ........ 79
106. يۈ جى yu ji 鱼际 ........ 79
107. ليې چۈ lie que 列缺 ........ 80
108. چى زې chi ze 尺泽 ........ 80

5ـ دۈمبە ۋە بەل قىسمىدىكى ئاساسلىق پەللىلەر: ........ 81

109. دا جۈي da zhui 大椎 ........ 81
110. تاۋ داۋ tao dao 陶道 ........ 82
111. شېن جۇ shen zhu 身柱 ........ 82
112. شېن داۋ shen dao 神道 ........ 83
113. مىڭ مېن ming men 命门 ........ 83
114. ياۋ ياڭ گۈەن yao yang guan 腰阳关 ........ 84
115. ياۋ شۇ yao shu 腰俞 ........ 84
116. چاڭ چياڭ chang qiang 长强 ........ 85
117. فېڭ مېن feng men 风门 ........ 85
118. فېي شۇ fei shu 肺俞 ........ 86
119. شىن شۇ xin shu 心俞 ........ 86
120. گې شۇ ge shu 膈俞 ........ 87
121. گەن شۇ gan shu 肝俞 ........ 87
122. دەن شۇ dan shu 胆俞 ........ 88
123. پى شۇ pi shu 脾俞 ........ 88
124. ۋېي شۇ wei shu 胃俞 ........ 89
125. سەن ج شۇ san jiao shu 三焦俞 ........ 89
126. شېن شۇ shen shu 肾俞 ........ 90
127. چى خەي شۇ qi hai shu 气海俞 ........ 90
128. دا چاڭ شۇ da chang shu 大肠俞 ........ 91
129. شياۋ چاڭ شۇ xiao chang shu 小肠俞 ........ 91
130. پاڭ گۇاڭ شۇ pang guang shu 膀胱俞 ........ 92
131. جوڭ لۇ شۇ zhong lu shu 中膂俞 ........ 92

132. بەي خۇەن شۇ bai huan shu 白环俞 ......93

6- تۆۋەنكى مۆچە قىسمىدىكى ئاساسلىق پەللىلەر: ......93

133. خۇەن تياۋ huan tiao 环跳 ......93
134. فېڭ شى feng shi 风市 ......94
135. جوڭ دۇ zhong du 中渎 ......94
136. ياڭ لىڭ چۇەن yang ling quan 阳陵泉 ......95
137. شۇەن جوڭ xuan zhong 悬钟 ......95
138. چېڭ فۇ chang fu 承扶 ......96
139. يىن مېن yin men 殷门 ......96
140. ۋېي جوڭ wei zhong 委中 ......97
141. ۋېي ياڭ wei yang 委阳 ......97
142. فۇ شى fu xi 浮郄 ......98
143. خې ياڭ he yang 合阳 ......98
144. چېڭ جىن cheng jin 承筋 ......99
145. چېڭ شەن cheng shan 承山 ......99
146. كۇن لۇن kun lun 昆仑 ......100
147. جى يىن zhi yin 至阴 ......100
148. يوڭ چۇەن yong quan 涌泉 ......101
149. تەي شى tai xi 太溪 ......101
150. فۇ ليۇۋ fu liu 复溜 ......102
151. جياۋ شىن jiao xin 交信 ......102
152. سەن يىن جياۋ san yin jiao 三阴交 ......103
153. يىن لىڭ چۇەن yin ling quan 阴陵泉 ......103
154. شۇ خەي xue hai 血海 ......104
155. دا دۇن da dun 大敦 ......104
156. تەي چوڭ tai chong 太冲 ......105
157. بى گۇەن bi guan 髀关 ......105
158. فۇ تۇ fu tu 伏兔 ......106
159. زۇ سەن لى zu san li 足三里 ......106
160. فېڭ لوڭ feng long 丰隆 ......107
161. جې شى jie xi 解溪 ......107

162. نېي تىڭ nei ting 内廷 ....................108

7- ئۆتكۈنچە يول سىرتىدىكى ئاساسلىق پەللىلەر: ....................108

163. شى شۈەن shi xuan 十宣 ....................108
164. با شيې ba xie 八邪 ....................109
165. ياۋ توڭ شۆ yao tong xue 腰痛穴 ....................109
166. با فېڭ ba feng 八风 ....................110
167. ئا شى a shi 阿是 ....................110

**9. قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا، كېسەللىكلەرنىڭ ئاساسى ۋە قوشۇمچە پەللىرىنى تاللاش پرىنسىپى ....................111**

1. ئاساسىي پەللىنى تاللاش پرىنسىپى: ....................111
2. قوشۇمچە پەللىنى تاللاش ئۇسۇلى: ....................114
3. ئالاھىدە ئورۇنلۇق پەللىلەرنىڭ كلىنىكىدا ئىشلىتىلىشى: ....................118

**10. يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان كېسەللىكلەرنىڭ ئاساسى ۋە قوشۇمچە پەللىرى: ....................119**

1) ئىچكى بۆلۈم كېسەللىكلىرى: ....................119

1- زۇكام: ....................119
2- يۆتەل: ....................120
3- ئۆتكۈر كانايچە زىققىسى: ....................122
4- نېرۋا مەنبەلىك قۇسۇش: ....................124
5- ئۆتكۈر ئاشقازان ئاغرىش: ....................126
6- ئۆتكۈر ئىچى سۈرۈش: ....................127
7- باش ئاغرىش: ....................129
8- ئۇيقۇسىزلىق: ....................130
9- ماشىندا باش قېيىش: ....................131
10- يۈرەك قوزغىلىش: ....................132
11- يۈرەك سانجىقى: ....................133
12- يۇقىرى قان بېسىم: ....................134
13- تۆۋەن قان بېسىم: ....................135
14- شوك ۋە ھەرخىل سەۋەبتىن بولغان ھوشسىزلىق: ....................137
15- ھېستېرىيە: ....................138
16- تۇتقاقلىق كېسەل: ....................139

17- يۈز نېرۋا پارالىچى: ...... 141

18- يارتا پالەچ (يېرىم تەن پارالىچى): ...... 143

19- يۇقىرى قىزىتما: ...... 145

20- يەلتاشما: ...... 147

**2) كۆيۈش ۋە سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېما كېسەللىكلىرى: ...... 149**

21- ھەيز نورمالسىزلىق: ...... 149

22- ئاغرىتىپ ھەيز كېلىش: ...... 150

23- ھەيز توختۇلۇش: ...... 151

24- بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش: ...... 152

25- بالىياتقۇنىڭ پاتالىيەتلىك قانىشى (خۇن تەۋرەش): ...... 153

26- سۈت بېزى ياللۇغى: ...... 154

27- سۈت كەملىك: ...... 155

28- ئاق خۇن كۆپ كېلىش: ...... 156

29- بالىياتقۇ قوشۇمچىلىرى ياللۇغى: ...... 157

30- بالىياتقۇ ئىچكى پەردە ياللۇغى: ...... 158

31- بالىياتقۇ بوينى شەلۋەرەش: ...... 159

32- جىنسىي يول تامچە قۇرۇت كېسىلى: ...... 160

33- جىنسىي يول قىچىشىش: ...... 161

34- ئۆتكۈر سۈيدۈك توختۇلۇش: ...... 162

35- مەزى بېزى ياللۇغى: ...... 163

36- مەنىنىڭ بالدۇر كېتىش كېسەللىكى: ...... 164

37- ئەرلىك ئاجىزلىق: ...... 165

**3) باللار بۆلۈم كېسەللىكلىرى: ...... 167**

38- كىچىك باللاردىكى ئورنىغا سىيىپ قويۇش: ...... 167

39- كىچىك باللاردىكى تارتىشىپ قېلىش: ...... 168

**4) تاشقى بۆلۈم كېسەللىكلىرى: ...... 170**

40- بويۇنغا يەل تۇرۇپ قېلىش: ...... 170

41- بەل چىم بولۇش: ...... 171

42- مۈرە ئەتراپ ياللۇغى: ...... 172

43- ئۆتكۈر ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى: ...... 174

5) بەش ئەزا بۆلۈم كېسەللىكلىرى: ...... 176

44- چىش ئاغرىقى: ...... 176

45- ئۆتكۈر بۇرۇن ياللۇغى: ...... 177

46- پۇراش سىزىمىنىڭ تۇۋەنلىشى: ........................ 179
47- قاپاق ساڭگىلاش(قاپاق ئىسترخاسى): ........................ 181
48- ئۆتكۈر ئانگىنا(يۇتقۇنچاق كىنكىردەك ئىششىقى): ........................ 183

## 1. قۇرۇق يىگىنە سانجىپ داۋالاش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

ھەممىزگە مەلۇملۇق قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاش ئۇسۇلى بولسا جۇڭگو تىبابىتىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ( يەنى مىلادىدىن580 يىل بۇرۇن ) قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان، يەرلىك ئورۇندىكى يەللىلەرگە يىڭنە سانجىش ئارقىلىق، شۇ يەرلىك ئورۇندىكى مەركەزدىن چىققۇچى ۋە مەركەزگە كىرگۈچى نىرۋا ئۇچلىرىنى غىدىقلاش ئارقىلىق سەزگۈرلىكى يوقالغان ياكى سەزگۈرلىكى تۆۋەنلىگەن نىرۋا خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش ئارقىلىق، يەرلىك ئورۇن، مەركەز ياكى ئومۇمىي بەدەننىڭ روھ - قۇۋۋەتلىرىنى قوزغىتىپ ، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇپ ، ماددا ئالمىشىشنى كۈچەيتىپ كېسەل داۋالايدىغان ئۈنۈمى يۇقىرى، قوللىنىشى ئاسان ، ئىشلىتىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىك ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇلى.

## 2. يىڭنە سانجىپ داۋالاشنى ئۆگەنگۈچى تىببى خادىملاردا بولۇشقا تېگىشلىك تىببى ئەخلاق ئۆلچىمى توغرىسىدا

ئۇلۇغ تىبابەت ئۇستازىمىز فارابى، ھەر قانداق كىشى تىبابەتنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلسا ياخشى، بۇنداق كىشى ياش، قابىل، زېھنى ئۆتكۈر، ئۆگىنىشكە ھېرىس؛ ھەم مىزاجى ياخشى، مۇلايىم ۋە ئەدەپلىك، راستچىل، كىشىلەرگە كۆيۈنىدىغان، كەلگۈسى ھالىغا يېتىدىغان بولۇشى، يالغان سۆزلەر بىلەن خەلقنى ئالدايدىغان يامان ئىللەتلەردىن، يامان ئارزۇ ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇشى، پۈتۈن زېھنىنى ئىلىمگە بېغىشلىشى لازىم؛ چۈنكى ئىلىم ئەھلى ئىلىمدىن باشقىنى ئېتىبارغا ئالماسلىقلىرى لازىم، بۇنداق پەزىلەت بولمىغانلارنىڭ ھەممىسى يالغان تېۋىپتۇر دېگەن.

دېمەك يىڭنە سانجىپ داۋالاشنى ئۆگەنگۈچى تىببى خادىملار:

(1) يىڭنە سانجىش ئىلمىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاۋال ئۇ كىشىدە بۇ كەسىپكە نىسبەتەن سەمىمىي قىزىقىش بولۇشى كېرەك.

(2) يىڭنە سانجىش ئىلمىنى ئۆگەنگۈچى بولسۇن ياكى قايسى تىببى ئىلمنى ئۆگەنگۈچى بولسۇن ئۇنىڭدا ئەقەللىي سەمىمىيەت يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك، چۈنكى بۇ كىشى ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كەسىپتۇر.

(3) قۇرۇق يىڭنە سانجىپ كېسەل داۋالاش ئىلمى كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن ئۈنۈمى تېز ھەم يۇقىرى بولغان يېشىل داۋالاش تۈرى بولۇش ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئىقتىسادى قىزىقتۇرۇش بىر قەدەر كۈچلۈك ئىلىم، شۇنىڭ ئۈچۈن [illegible]
زىيان يەتكۈزىدىغان، سەمىمىيەتسىز، قالايمىقان ، قوپال، پۇل خومار كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

(4) بىمارلار ئۆزىنىڭ ئاغرىق ئازابىغا، بىزنىڭ سەۋەب قىلىپ بىرىشىمىز ئۈچۈن كېلىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ

مۇشۇخىل ئاجىزلىقىدىن پەسلىك بىلەن پايدىلىنىپ كىشىلەرگە سىناق تەرەققىدە قۇرۇق يىڭنە سانجىش ۋە دىلغۇلۇق بىلەن خاتا سانجىشتەك رەزىل روھى ھالەتتىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك، چۈنكى يىڭنە سانجىسا بەدەن ئاغرىدۇ، پەللىگە چۈشسە تېخىمۇ ئاغرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نەقەللى تەكلىپ : پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال ئاغرىمىسا كىشىگە، ھەقىقى ئۆگەنگىسى باركىشىلەر ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە سانجىپ ياكى ئۆزنگە - ئۆزى سانجىپ ھەرخىل سېزىملارنى ھىس قىلىپ بېقىپ، ئاندىن كەسپنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئۆگۈنۈشنى ئويلىشى كېرەك، بۇنداق قىلغاندىلام ئاندىن كەسپ جەھەتتىن چۈشەنچىسى كۆپ چوڭقۇرلىشىدۇ ھەم ئادىسىلىك تۈيغۇسىدا قايتا بىر سىلكىنىش ئويغۇنۇش بولىدۇ

خۇلاسە: ئەخلاقى ئاسىل ھەرقانداق مۇۋاپىقىيەتلىك بىلىغان قەدەم بىلەن ھەمرادۇر.

## 3. پەللە ھەققىدە چۈشەنچە

پەللە دېگىنىمىز: ئادەم بەدىنىدىكى يەرلىك ئورۇن، مەركەز ياكى ئۇمۇمى بەدەننىڭ روھ - قۇۋۋەتلىرىنى قوزغۇتۇپ، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇپ ، ماددا ئالمىشىشنى كۈچەيتىپ كېسەل داۋالايدىغان روھ — قۇۋۋەتلەرنى قوزغۇتۇش تۈگۈنى.

## 4. قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى ھەققىدە چۈشەنچە

قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى بولسا، قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى، قوللىنىشى ئاسان ،ئەكس تەسىرى تۆۋەن، ئىشلىتىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىك ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇلى

## 5. قۇرۇق يىڭنە بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئادەتتىكى ساۋاتلىرى

1- پەللە ئېلىش ئۇسۇلى:



3

1) سۆڭەكنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەم قىلىپ پەللە ئېلىش ئۇسۇلى(مىقدارنى سۇندۇرۇپ ھېسابلاش)بەدەننىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىغا نىسبەتەن پەللە ئېلىش ئۆلچەملىرى ئوخشاش بولمايدۇ. (1 سۇڭ = 25 مىللىمېتىر)

(1) ئىككى قاشنىڭ ئارىلىقىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن چاچنىڭ ئالدىنقى چېگراسىغىچە ئۈچ سۇڭ

(2) چاچنىڭ ئالدىنقى چېگرىسىدىن ئارقا چېگراسىغىچە 12 سۇڭ

(3) چاچنىڭ ئارقا چېگرىسىدىن يەتتىنچى بويۇن ئومۇرتقىسىغىچە 3 سۇڭ .

(4) قولاق ئارقىسىدىكى ئىككى ئەمچەكسىمان ئۇسۇكچىنىڭ كەينى تەرىپىنى تۇتاشتۇرۇش ئارلىقى 9 سۇڭ .

(5) ئالدىنقى چاچ چېگرىسىدىن زاڭاق ئۇچچىغىچە بولغان ئارلىق 10 سۇڭ .

(6) بويۇن ۋېنا ئويمىسىدىن توش سۆڭەك خەنجەرسىمان ئۇسۇكچىسى ئۇچچىغىچە بولغان ئارلىق 7 سۇڭ

(7) سول تەرەپ ئەمچەك توگمىسىدىن ئوڭ تەرەپ ئەمچەك توگمىسىگىچە بولغان ئارلىق 8 سۇڭ .

(8) خەنجەرسىمان ئۇسۇكچىدىن كىندىككىچە بولغان ئارلىق 8 سۇڭ .

(9) كىندىكتىن دوۋسۇن سۆڭىكىنىڭ بىرلەشمىسىگىچە بولغان ئارلىق 5 سۇڭ .

(10) قولتۇق ئالدىنقى سىزىقىدىن جەينەكنىڭ كۆندىلەڭ سىزىقىغىچە بولغان ئارلىق 12 سۇڭ

(11) جەينەك كۆندىلەڭ سىزىقىدىن ،بىلەيزۈك كۆندىلەڭ سىزىقىغىچە بولغان ئارلىق 12 سۇڭ

(12) ئىككى تاغاق ئاستىنقى ئۇچى ئارىسىدىكى ئارلىق 6 سۇڭ .

(13) مۈرە بوغۇمىدىن جەينەك ئويمىنى كۆندىلەڭ سىزىقىغىچە بولغان ئارلىق 9 سۇڭ .

(14) لېپەك ئويمىنى كۆندىلەڭ سىزىقىدىن، ئىچكى ئوشۇق دۆڭچىسىگىچە بولغان ئارلىق 14 سۇڭ .

**2) بارماق بىلەن ئۆلچەپ پەللە ئېلىش ئۇسۇلى**

(1) باش بارماقنىڭ يىراق بوغۇم كەڭلىكى 1 سۇڭ ھېسابلىنىدۇ

(2) كۆرسەتكۈچ بارماق ۋە ئوتتۇرا بارماق ئوتتۇرا بوغۇملىرىنىڭ كەڭلىكى 1.5 سۇڭ

(3) كۆرسەتكۈچ بارماق ،ئوتتۇرا بارماق، نامسىز بارماقنىڭ بوغۇملىرىنىڭ كەڭلىكى 2 سۇڭ

(4) كۆرسەتكۈچ بارماق ،ئوتتۇرا بارماق ،نامسىز بارماق ،چىمچىلاق بارماق ئوتتۇرا قىسمىنىڭ كەڭلىكى 3 سۇڭ .

**3) تەبىئي ئاناتومىيلىك بەلگىلەر ئارقىلىق پەللە ئېلىش ئۇسۇلى**

بۇ خىل پەللە ئېلىش ئۇسۇلىدا ئادەم بەدىنىدىكى تەبىئي ئاناتومىيلىك بەلگىلەردىن پايدىلىنىپ پەللە ئورنى بەلگىلىنىدۇ.

人中

مەسىلەن:

(1)بۇرۇن ئاستى ئوتتۇرا ئېرىقچىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى رېن جوڭ(人中) پەللىسىنىڭ پەللە ئورنى ھېسابلىنىدۇ

(2) ئىككى قاشنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى .ئورۇن يىن تاڭ(印堂) پەللىسىنىڭ پەللە ئورنى ھېسابلىنىدۇ

(3) ئوڭ سول ئېغىز بۇرجەك قىسمى دى ساڭ(地仓) پەللىسىنىڭ پەللە ئورنى ھېسابلىنىدۇ

(4) تىز ئويمىنىڭ(تىقىم) دەل ئوتتۇرا قىسمى ۋېي جوڭ(委中) پەللىسىنىڭ پەللە ئورنى ھېسابلىنىدۇ

2. دائىم ئىشلىتىلىدىغان يىڭنىلار

دائىم ئىشلىتىلىدىغان يىڭنە قۇرۇق يىڭنە ، ئۈچ قىرلىق يىڭنە ، تېرە يىڭنىسىدىن ئىبارەت 3 خىل بولۇپ، بىز كلىنىكىدا كۆپ ئىشلىتىدىغىنىمىز بولسا ئىنچىكە يىڭنە.

4



قۇرۇق يىڭنىنىڭ تۈزۈلۈشى:

يىڭنەقۇيرۇقى، يىڭنە سېپى ، يىڭنە يىلتىزى، يىڭنە تېنى، يىڭنە ئۇچىدىن ئىبارەت بەش قىسمىدىن تەركىپ
تاپقان ، ئۇزۇن قىسقىلىقى توم ئىنچىكىلىكى ئوخشاش بولمايدۇ.(كېلىنىكىدا دائىم ئىشلىتىلىدىغىنى بولسا ئۇزۇن
يىڭنىگە بولسا ئۇزۇنلۇقى ئىككى سومۇلۇق(50mm)، تومىقى (0.35mm)بىلەن قىسقا يىڭنىگە بولسا ئۇزۇنلۇقى
بىر سومۇلۇق(25mm)، تومىقى (0.28mm) نى تاللاپ ئىشلەتسە ئەڭ مۇۋاپىق.

3- قۇرۇق يىڭنە سانجىشنىڭ ئالدىدىكى دوختۇر ۋە بىمار تەييارلىقى

1) قۇرۇق يىڭنە سانجىشتىن ئاۋالقى دوختۇر تەييارلىقى ۋە دوختۇرغا قويۇلىدىغان تەلەپ: دوختۇر ئالدى بىلەن
رەتلىك كىيىنىپ، قولنى پاكىز يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن بىر قېتىملىق ئىشلىتىلىدىغا پەلەي كىيىپ تۇرۇپ مەشغۇلات
قىلىش ، بىمارغا قارىتا ئىنىقۇي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ يىڭنىدىن قورقۇش ،ئەندىشە قىلىش كەيپىياتلىرىنى
يوقۇتۇش، چوڭ — كىچىك تەرىتىنى قىلىۋېتىشقا بۇيرۇشى ۋە بىغنىڭ ئىگىلگەن-ئىگىلمىگەنلىكى ،داتلاشقان
—داتلاشىغانلىقى،يىڭنە ئۇچىنىڭ يىنىپ كەتكەن كەتمىگەنلىكى، يىڭنە سېپى ۋە تېنىنىڭ تۇتاشقان ئورۇنلىرىنىڭ
بوشاپ كەتكەن كەتمىگەنلىكى ، يىڭنە تېنىدە دەز كەتكەن يەرنىڭ بار يوقلىقى، يىڭنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى سانجىش
چوڭقۇرلىقىغا ماس كېلىدىغان -كەلمەيدىغانلىقىغا قاراپ كۆزۈتۇش، تەكشۈرۈش ئەگەر يوقارقىدەك ئەھۋاللار بىرى
بولغان يىڭنىنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك، دوختۇر بىمارغا يىڭنە سانجىغاندىن باشلاپ تاكى يىڭنىنى سۇغۇرۇپ
ئېلىۋېتىپ بولغىچە بولغان 15 مىنۇتتىن 20 مىنۇتقىچە ۋاقىت ئىچىدە بىمارنىڭ يېنىدىن قەتئىي ئايرىلماسلىق لازىم.

2) قۇرۇق يىڭنە سانجىشتىن ئاۋالقى بىمار تەييارلىقى ۋە بىمارغا قويۇلىدىغان تەلەپ: بىمار يىڭنە سانجىشتىن
ئاۋۋال دوختۇرغا تولۇق ماسلىشىپ يىڭنىدىن قورقۇش ۋە ئەندىشە قىلىش كەيپىياتىنى يوقۇتىشى، مۇۋاپىق بەدەن
هالىتىدە تۇرۇپ بېرىشى، يىڭنە سانجىماقچى بولغان پەللە ئورۇنلىرىنى تولۇق ئېچىپ بېرىشكە كاپالەتلەك قىلىشى
ۋە يىڭنە سانجىشقا باشلىغاندىن تارتىپ تاكى يىڭنىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىپ بولغىچە بولغان 15 مىنۇتتىن 20
مىنۇتقىچە ۋاقىت ئىچىدە قەتئىي مىدىرلىماي شىۋاك يېتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

4- قۇرۇق يىڭنە سانجىپ داۋالاشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ۋە يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا دىققەت قىلىدىغان
ئىشلار:







1) بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ۋە پەللە ئورنىغا ئاساسەن بىمارنى مۇۋاپىق بەدەن ھالىتىدە تۇرغۇزۇش. ( مەسىلەن: ياتقۇزۇش ياكى ئولتۇرغۇزۇش )

2) قۇرۇق يىڭنە سانجىشتىن ئاۋال سانجىلىدىغان پەللە ئورنىنى دېزىنفېكسىيەلەش؛ قۇرۇق يىڭنە سانجىشتىن ئاۋال سانجىلىدىغان پەللە ئورنىنى تېرە دېزىنفېكسىيەلەش سۈيۇقلۇقى، ئىسپىرتقا چىلانغان پەلكۈچ ياكى ئىسپىرتقا چىلانغان پاختا (يودقا چىلانغان بولسىمۇ بولىدۇ ) ئارقىلىق يەرلىك ئورۇننى تولۇق قايتا ـ قايتا دېزىنفېكسىيەلەش.

3) قۇرۇق يىڭنە سانجىشتىن بۇرۇن يىڭنىنى ئۆلچەملىك تۇتۇشقا دىققەت قىلىش:




4) قۇرۇق يىڭنە سانجىش ۋە يىڭنە چىقىرىش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ئاساستا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش.

قۇرۇق يىڭنە سانجىغاندىن باشلاپ تاكى يىڭنىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىپ بولغىچە بولغان جەريان يىڭنە سانجىش باسقۇچى، يىڭنە تۇرغۇزۇش باسقۇچى ۋە يىڭنىنى چىقىرىش باسقۇچتىن ئىبارەت 3 باسقۇچقا بۆلۈنىدىغان بولۇپ، تۆۋەندە بۇ 3 باسقۇچتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پىرىنسىپ ئايرىم ـــ ئايرىم تونۇشتۇرۇلىدۇ

(1) يىڭنە سانجىش ۋاقتىدا: دېزىنفېكسىيەلەپ تاللانغان پەللە ئورنىنى ئېنىق مۇقىملاپ بولۇپ، بىمارغا يىڭنە سانجىغاندىكى ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش ۋە بىلدۈرمەسلىك، ھەم يىڭنە سانجىش قىيىن بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىمارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىپ تۇرۇپ ئاندىن تېزسۈرئەتتە يىڭنىنى پەللە ئورنىغا كىرگۈزۈش، كىرگۈزۈش جەريانىدا يىڭنىنى يېنىك دەرىجىدە ئوڭ سولغا ئايلاندۇرۇپ كىرگۈزۈش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم.

(2) يىڭنىنى تۇرغۇزۇش ۋاقتىدا: ھەر بىر ئورۇنغا سانجىلغان يىڭنىنىڭ يەرلىك ئورۇندا تۇرۇش ۋاقتى 20-15 مىنۇت ئەتراپىدا بولۇش، بۇۋاقىت ئىچىدە يىڭنىنى 3-2 قېتىم ئەتراپىدا يېنىك دەرىجىدە چېكىش ياكى ئوڭ سولغا ئايلاندۇرۇپ تۇرۇش، بۇجەرياندا بىمارنىڭ يىنىدىن قەتئىي ئايرىلماي بىمارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرۇش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا يىڭنە بىلەن داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشتىن باشقا بۇ باسقۇچتا خەتەرلىك ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

(3) يىڭنە چىقىرىش ۋاقتىدا: پەللە ئورنىدىن يىڭنە چىقارغاندا ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش ۋە بىلدۈرمەسلىك، ھەم يىڭنە چىقىرىش قىيىن بولۇپ قېلىش، يىڭنە چىقارغان چاغدىكى يىڭنە ئورنىدىن قان چىقىپ كېتىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىسپىرتقا چىلانغان پەلكۈچ ياكى ئىسپىرتقا چىلانغان پاختا (يودقا چىلانغان بولسىمۇ بولىدۇ ) ئارقىلىق سانجىلغان يىڭنىنىڭ تېرە ئاستى تۆۋىنى يېنىك دەرىجىدە بېسىپ تۇرۇپ يىڭنىنى تېز سۇغۇرۇۋېلىپ چىقىرىۋېلىش ۋە تېرە يۈزىدىكى يىڭنە ئىزىنى، ئىسپىرتقا چىلانغان پەلكۈچ ياكى ئىسپىرتقا چىلانغان پاختا (يودقا چىلانغان بولسىمۇ بولىدۇ ) ئارقىلىق 5-3 سېكۇنتقىچە بېسىپ بولۇپ، قان چىقىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەندىن كېيىن، شۇ ئىسپىرتقا چىلانغان پەلكۈچ ياكى ئىسپىرتقا چىلانغان پاختا بىلەن يەرلىك پەللە ئورنىنى قايتا

دىزىنفېكسىيەلەش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم.

5) قىزىق يىڭنە سانجىپ داۋالاش مەزگىلىدە كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە بىر تەرەپ قىلىدىغان دورا ۋە سايمانلار تولۇق بولغان شارائىت ئاستىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ۋە كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش. مەسىلەن:

(1) **يىڭنە سانجىغاندىكى ئايلىنىپ يىقىلىش:** ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ چارچاپ كەتكەن، بەدىنى ئاجىز، ئاچ قورساق بولغان ياكى يىڭنىنى بەك كۈچەپ چوڭقۇر سانجىۋەتكەن، يىڭنە سانجىغاندا ئاغرىق بەك كۈچلۈك بولغان بىمارلاردا ئاسانلا باش ئايلىنىش، يۈرەك ئېلىشىش، چىرايى تاتىرىش، كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇش، ئېغىر بولغاندا ئايلىنىپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يۇقارقى ئەھۋاللىرى يېنىك بولغان بىمارلارغا قارىتا ئالدى بىلەن دەرھال يىڭنىنى تارتىۋېتىپ، بىمارغا قايناقسۇنى كۆپ ئىچكۈزسەك بۇ ئەھۋالار دەرھال ياخشىلىنىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر بولۇپ بوغۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈنۈملۈك بولمىغاندا دەرھال ھۇ پەسەيتىش رولى بولغان رېن جوڭ(人中)، جوڭ چوڭ(中冲)، نېي گۇئەن(内关) ، يوڭ چۈەن(涌泉) پەللىرىگە يىڭنە سانجىغاندا كېسەللىك ئەھۋالى تېزلا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

(2) **يىڭنە ئېگىلىپ كېتىش ئەھۋالى:** يىڭنە سانجىغاندا كۈچەپ سانجىش ۋە يىڭنە سانجىغاندا بىمار مىدىرلاپ شۇنىڭ ياتماسلىق سەۋەبىدىن يىڭنە ئاسانلا ئېگىلىپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يىڭنىنى ھەرگىز كۈچەپ تارتىپ چىقارماسلىق ۋە ھەرخىل يۆنىلىشتە تولغىماسلىق لازىم. ئەكسىچە يىڭنە قايسى تەرەپكە ئېگىلگەن بولسا شۇ تەرەپكە قارىتىپ ئاستا — ئاستا تارتىپ ئېلىۋەتسەك بولىدۇ.

(3) **يىڭنە چىقماي توختاپ قېلىش ھادىسىسى:** يىڭنىنى سانجىغاندا كۈچەپ چوڭقۇر سانجىۋېتىش ياكى كۈچەپ ئايلاندۇرۇپ تولغاش سەۋەبىدىن يىڭنىنى چىقارغاندا يىڭنە چىقماي توختاپ قېلىش ۋە چىقارغىلى بولماسلىق ئەھۋالىغا قارشىلىغان بولۇپ. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە يىڭنىنى ھەرگىز قارىسىغا كۈچەپ تارتىپ ئالماستىن، بىمارنى ئۆزىنى بوش قويۇپ بېرىشكە ئۈندەپ تۇرۇپ ئاندىن چىقىرىۋېلىش، ئۈنۈمسىز تارتىپ چىقىرىۋالغىلى بولمىسا پەللە ئەتراپىدىكى تېرە ۋە مۇسكۇللارنى ئۇۋۇلاش ياكى شۇ پەللە ئەتراپىدىكى ئورۇنلارغا يىڭنە سانجىش ئارقىلىق يىڭنىنى تارتىپ چىقىرىۋېلىش لازىم.

(4) **يىڭنە سانجىغان پەللە ئورنىدا يىڭنە سۇنۇپ قېلىش ئەھۋالى:** ئەگەر يىڭنە سانجىغاندا يىڭنىنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، يىڭنىنىڭ ئۇزاق ئىشلەتمەي داتلىشىپ قېلىشى ياكى يىڭنە سانجىش جەريانىدا بىمارنىڭ مىدىرلاپ كېتىشى سەۋەبىدىن پەللە ئورنىدا يىڭنە سۇنۇپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە ھەرگىز جىددىيلەشمەستىن، بىمارنىڭ مىدىرلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش. بىر تەرەپ قىلىشتا، سۇنغان يىڭنىنىڭ سۇنۇق ئۇچى تېرە يۈزىدىن سىرتقا چىقىپ تۇرغان بولسا سۇنغان يىڭنىنىڭ ئىككى تەرەپىدىكى تېرىنى قول بىلەن ئاستا — ئاستا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ قىسقۇچ ئارقىلىق قىسىپ تارتىپ ئېلىۋېتىش، ئەگەر يىڭنىنىڭ سۇنۇق ئۇچى تېرە ئىچىدە قېلىپ قالغان بولسا، بىمارنى ھەركەتلەندۈرمەستىن تىنچ تۇرغۇزۇپ يەرلىك ئورۇن پەللە ئەتراپىنى لى دۇ كا يىن ئارقىلىق ناركوز دورىسى ئارقىلىق ناركوز قىلىپ بولغاندىن كېيىن پەللە ئورنىدىكى تېرە ۋە تېرە ئاستى توقۇلمىلىرى ۋە مۇسكۇللارنى كېسىپ يىڭنە سۇنۇق ئۇچىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپ ئاندىن قىسقۇچ ئارقىلىق تارتىپ چىقىرىۋېتىش كېرەك.

( يىڭنە سانجىغان پەللە ئورنىدا يىڭنە سۇنۇپ قېلىش ئەھۋالىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يىڭنىنى ئىشلىتىش

تەكشۈرۈش ۋە يىڭنىنى 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە تىرە يۈزىدە ئارتۇق قالدۇرۇش لازىم)

(5) **يەل كۆكرەك** : يەل كۆكرەك ئەھۋالى بولسا كۆكرەك قىسمىغا يىڭنە سانجىغاندا ئۇزۇن يىڭنە ئىشلىتىپ تۈرۈپ، يىڭنىنى تىك ۋە چوڭقۇر سانجىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئەھۋال بولۇپ. بۇنداق چاغدا بەزىدە يۇقارقى ئەھۋالغا قوشۇلۇپ، ئېغىر بولغاندا ئۆپكە زەخىملىنىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۆكرەك قىسمىغا يىڭنە سانجىغاندا ئۇزۇن يىڭنە ئىشلەتمەسلىك ۋە يىڭنىنى تىك ۋە چوڭقۇر سانجىماسلىق. ئەگەر يەنىلا يەل كۆكرەك ئەھۋالى كېلىپ چىقسا، كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر بولغانلارغا قارىتا كۆكرەكتىن يەلنى تارتىش ئۇسۇلى بويىچە، يەلنى تارتىپ چىقىرىۋېتىش لازىم.

(6) **يىڭنە چىقارغان چاغدىكى يىڭنە ئورنىدىن قان چىقىپ كېتىش**: يىڭنە چىقارغان چاغدىكى يىڭنە ئورنىدىن قان چىقىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەندە جىددىيلەشمەستىن قان چىقىۋاتقان يىڭنە ئورنىنى ئىسپىرتقا چىلانغان پەلكۈچ ياكى ئىسپىرتقا چىلانغان پاختا (يودقا چىلانغان بولسىمۇ بولىدۇ) ئارقىلىق 3-5 سېكۇنتقىچە بېسىپ تۇرساق توختاپ قالىدۇ. بۇنداق قىلغاندىمۇ قان چىقىش توختىمىسا يەرلىك ئورۇن پەللە ئورنىنى تېڭىق داكىسى ئارقىلىق چىڭ تېڭىپ قويساق قان چىقىش توختايدۇ.

(7) **يىڭنە ئورنىنىڭ ياللۇغلىنىپ قېلىش ئەھۋالى**: بۇ يىڭنە سانجىش، يىڭنە چىقىرىش مەزگىلىدىكى دىزىنفېكسىيەلەشكە ئېتىبار بەرمەسلىك سۈزۈلما كېسەللىكلەرگە ئۇزۇن مۇددەت يىڭنە سانجىش، يىڭنە سۈپىتى ۋە تازىلىقىنىڭ ياخشى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، يەرلىك ئورۇندا قىزىرىش، ئىششىش، ئاغرىشتىن ئىبارەت ياللۇغلىنىشلىق ئەھۋاللارنىڭ پەيدا بولۇشىغا قارىتىلغان بولۇپ. بۇنداق ۋاقىتتا بىر مەزگىل يىڭنە سانجىشنى توختىتىپ تۇرۇپ، ياللۇغ قايتۇرۇش مەقسىتىدە يەرلىك ئورۇنغا ئىچكى سىرتىدىن دورا ئىشلىتىپ، ياللۇغلىنىشلىق ئەھۋاللار يوقالغاندىن كېيىن، ئاندىن داۋاملىق يىڭنە سانجىش ياكى مۇشۇ پەللە بىلەن ئوخشاش تەسىرلىك پەللىلەرگە ئالماشتۇرۇپ يىڭنە سانجىش لازىم

6- **بەدەننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا قورۇق يىڭنە سانجىشنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى مۇۋاپىق بېكىتىش**:

يىڭنە سانجىش چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى بىمارنىڭ يېشى سېمىز- ئورۇقلىقى، كېسەللىك تۈرگە قاراپ ئوخشىمىغان چوڭقۇرلۇقتا سانجىش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەسىلەن:

(1) قولنىڭ مۈرە قىسمىدىن تارتىپ بېغىشىغىچە بولغان پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 1 سۇڭدىن 2 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

(2) قولنىڭ بېغىشىدىن تارتىپ بارماق ئۇچچىغىچە بولغان پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

(3) كۆز ئەتراپىدىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 5 فۇڭدىن 1.5 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

(4) يۈز قىسمىدىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 0.5 فۇڭدىن 1.5 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

(5) باش قىسمىدىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

(6) مەيدە، دۈمبە (يەلكە) ۋە مېزى قىسمىدىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 1 سۇڭدىن 1.5 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

(7) كۆكرەك قىسمىدىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

(8) قورساق قىسمىدىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 1 سۇڭدىن 1.5 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

(9) بەل قىسمىدىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 1.5 سۇڭدىن 2.5 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

(10) ساغرا قىسمىدىن تارتىپ تىز بوغۇمىغىچە بولغان پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 2 سۇڭدىن 4 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

(11) تىز بوغۇمىدىن ئوشۇققىچە بولغان پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 1.5 سۇڭدىن 3 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

(12) ئوشۇق بوغۇمىدىن پۇت تاپان قىسمىدىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 0.5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق

(13) پۇت دۈمبىدىن تارتىپ پۇت بارماق ئۇچلىرىغىچە بولغان قىسملىرىدىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە سانجىسا مۇۋاپىق.

**7- پەللىلەرگە قوزۇق يىڭنە سانجىش بۇلۇڭىنى مۇۋاپىق تاللاش:**




يىڭنە سانجىش بۇلۇڭى ئۈچ خىلغا بۆلىنىدۇ.

(1) **تىك سانجىش ئۇسۇلى:** بۇخىل ئۇسۇلدا پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا، يىڭنە سانجىلىدىغان ئورۇندىكى تېرە يۈزىگە تىك (يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇس بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ ) قىلىپ سانجىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. كېلىنىكىدا بۇخىل ئۇسۇل كۆپىنچە مۈرىدىن تارتىپ بېغىشىچە، بەل ۋە ساغرىدىن تارتىپ ئوشۇق بوغۇمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئاساسلىق قىلىپ قوللىنىلىدۇ.

(2) **يانتۇ سانجىش ئۇسۇلى:** بۇخىل ئۇسۇلدا پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا، يىڭنە سانجىلىدىغان ئورۇندىكى تېرە يۈزىگە يانتۇ (يەنى تېرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇس بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ ) قىلىپ سانجىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. كېلىنىكىدا بۇخىل ئۇسۇل كۆپىنچە باش، دۈمبە، كۆكرەك، بويۇن ۋە قورساق، پۇت دۈمبە قىسمىدىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئاساسلىق قىلىپ قوللىنىلىدۇ.

(3) **ياتقۇزۇپ(تېرە بويلىتىپ) سانجىش ئۇسۇلى:** بۇخىل ئۇسۇلدا پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا، يىڭنە سانجىلىدىغان ئورۇندىكى تېرە يۈزىگە ياتقۇزۇپ يەنى تېرە بويلىتىپ (يىڭنە تېرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇس بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ ) سانجىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. كېلىنىكىدا بۇخىل ئۇسۇل كۆپىنچە باش، پېشانە، يۈز، قۇلاق ئەتراپى، زاڭاق ئاستى قىسملىرىدىكى پەللىلەرگە يىڭنە سانجىغاندا ۋە لەيلىمە يىڭنە سانجىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سىپارما بوشاتقاندا، مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئاساسلىق قىلىپ قوللىنىلىدۇ.

**8- پەللىلەرگە قوزۇق يىڭنە سانجىش پەيتىنى مۇۋاپىق تاللاش:** پەللىلەرگە يىڭنە سانجىش پەيتى دېگىنىمىز بولسا مەلۇم خىل كېسەللىكلەرگە يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا تاللىنىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن:

(1) باش ئاغرىقى ۋە ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىنى ئۇخلاشتىن بىر سائەت بۇرۇن يىڭنە سانجىپ داۋالاش ئۈنۈمى

يۇقىرى ۋە تېز بولىدۇ.

(2) يۇقىرى قان بېسىم ئىرۋا ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىگە ئۇخلاشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن يېڭنە سانجىسا داۋاش ئۈنۈمى يۇقىرى ۋە تېز بولىدۇ.

(3) يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئۇخلاشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن يېڭنە سانجىسا داۋاش ئۈنۈمى يۇقىرى ۋە تېز بولىدۇ.

(4) لەقۋا كېسەللىكلىرىگە قانچە بالدۇر يېڭنە سانجىپ داۋالىغاندا ئۈنۈمى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

**9- قورۇق يېڭنە سانجىپ داۋالاشقا ماس كەلمەيدىغان كېسەللىكلەرگە يېڭنە سانجىپ قويۇشتىن ساقلىنىش:**

مەسىلەن:

(1) سانجىلىدىغان يەلله ئورنىدا چىقان، ئەلۋىرەك، يىرىڭلىق جاراھەت، يارا، ياللۇغ، ۋەنا تومۇرلىرى ئەگرى-بۈگرى كۆپىيۈۋالغان ئورۇنلارغا يېڭنە سانجىماسلىق لازىم.

(2) ئېغىر دەرىجىدە قان يوقاتقان بىمارلارغا قارىتا يېڭنە سانجىپ داۋالىماسلىق.

(3) يامان سۈپەتلىك ئۆسمىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى يەللىلەرگە يېڭنە سانجىپ داۋالىماسلىق.

(4) ئادەت كۆرۈۋاتقان ۋە ھامىلدار ئاياللارغا قارىتا يېڭنە سانجىپ داۋالىماسلىق.

(5) قان بېسىمى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بىمارلارغا قارىتا يېڭنە سانجىپ داۋالىماسلىق، قان بېسىمى بىرقەدەر يۇقىرى بىمارلارغا قارىتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن سانجىش.

(6) ئېغىر خوراتقۇچى كېسەل بىلەن ئاغرىغان ۋە تېنى ھەددىدىن زىيادە ئاجىز بىمارلارغا قارىتا يېڭنە سانجىپ داۋالىماسلىق. (مەسىلەن: ئېغىر دەرىجىدىكى سىل كېسەل بىمارلىرى)

(7) قان قەنتى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بىمارلارغا قارىتا يېڭنە سانجىپ داۋالىماسلىق، قان قەنتى بىرقەدەر يۇقىرى بىمارلارغا قارىتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن سانجىش.

(8) يېڭنە سانجىپ داۋالاشتىن ھەددىدىن زىيادە قورقىدىغان، روھى چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى غەم — ئەندىشىسى بار بىمارلارغا قارىتا يېڭنە سانجىپ داۋالىماسلىق.

(9) ئېغىر دەرىجىدىكى يۈرەك كېسىلى بار بولغان بىمارلارغا قارىتا يېڭنە سانجىپ داۋالىماسلىق.

(10) **ئەسكەرتىش:**

ئېغىر دەرىجىدىكى يۈرەك زەئىپلىشىش، يۇقىرى قان بېسىم، دىئابېت، سىل قاتارلىق كېسەللىكلەردە تۇساتتىن ھوشىدىن كەتكەن ياكى شوك بولۇش ئەھۋالى يۈزبەرگەن بىمارلارغا نىسبەتەن جىددى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يېڭنە سانجىپ قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

**10- ھەرخىل كېسەللىكلەرگە قورۇق يېڭنە سانجىپ داۋالاشنىڭ مۇددىتى ۋە كۈندىلىك يېڭنە سانجىش قېتىمىنى مۇۋاپىق بېكىتىش:**

(1) ئۆتكۈر خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن ھەركۈنى ئىككى قېتىم داۋالاش ئېلىپ بېرىپ. كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلانغىچە يېڭنە سانجىشاق بىلىدۇ.

(2) سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن 15 كۈن بىر داۋالاش كۇرسى قىلىنىپ.ھەركۈنى بىر قېتىم داۋالاش ئېلىپ بارساق بولىدۇ.

(3) ئادەتتىكى كېسەللىكلەرگە قارىتا داۋالاش مۇددىتىنى 7 كۈننى بىر داۋالاش مۇددىتى قىلىپ. ھەر كۈنى بىر قېتىم يېڭنە سانجىپ داۋالاش ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

(4) ئەسكەرتىش

داۋالاش مۇددىتى ۋە قېتىمى دوختۇرلار كېسەللىك تۈرى ۋە كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزلىرى بېكىتسە بولىدۇ.

**11. يىڭنىنىڭ پەللىگە چۈشكەن چۈشمىگەنلىكى ۋە يىڭنىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ بولغان بولمىغانلىقىنى ياخشى ئايرىش:**

بۇنىڭدا: كۆپىنچە يىڭنە سانجىشتىن ئاۋال، يىڭنە سانجىدىغاندا پەللە ئورنىنى ئۆلچەملىك توغرا ھېسابلاپ بېكىتىپ، مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇق ۋە مۇۋاپىق يۆنىلىشتە يىڭنە سانجىغاندەك، بەرلىك پەللە ئورنىدا سىقراش، بەرلىك ئورۇن ئېغىرلىشىش سىزىمى بولۇش، چىڭقىلىش، توك تەپكەندەك بولۇپ يۇقىرىغا ياكى تۆۋەنگە، ئىچىگە ياكى سىرتىغا تارقىلىشتەك ئالاھىدە سېزىملارنىڭ پەيدا بولۇشى يىڭنىنىڭ پەللىگە چۈشۈپ، ئۈنۈمى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەكسىچە يىڭنە سانجىشتىن ئاۋال يىڭنە سانجىدىغاندا پەللە ئورنىنى ئۆلچەملىك توغرا ھېسابلاپ بېكىتمەيلا خاتا ئورۇن ۋە مۇۋاپىپ بولمىغان چوڭقۇرلۇق ياكى مۇۋاپىق بولمىغان يۆنىلىشتە يىڭنە سانجىغاندا، يىڭنە سانجىلغان بەرلىك ئورۇندا يۇقارقىدەك سېزىملارنىڭ پەيدا بولماستىن، ئەكسىچە ئىچىشىپ ئاغرىش سىزىمى بولۇشى يىڭنىنىڭ پەللىگە چۈشمىگەنلىكى ۋە ئۈنۈمىنىڭ بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى بىمارلارغا نىسبەتەن يىڭنە سانجىغاندا يىڭنە پەللە توغرا ۋە مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇق، مۇۋاپىق يۆنىلىشتە يىڭنە سانجىغاندىمۇ يۇقارقىدەك ئالاھىدە سېزىملار پەيدا بولمايدۇ، بۇلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە قاراش لازىم.

12) ئەسكەرتىش:

بۇنداق ئەھۋالدا يىڭنىنى تارتىپ ئېلىۋەتمەستىن يىڭنىنىڭ چوڭقۇرلىقى ۋە يۆنىلىشىنى مۇۋاپىق توغۇرلاپ - تەڭشەپ سانجىپ بېقىش، ئەگەر بۇ چاغدا يۇقارقىدەك ئالاھىدە سېزىملارنىڭ بىرەرسى پەيدا بولسا شۇ يۆنىلىش ۋە چوڭقۇرلۇقتا يىڭنىنى توختىتىش. ئەگەر بۇنداق قىلغاندىمۇ يۇقارقىدەك ئالاھىدە سېزىملارنىڭ بىرەرسى پەيدا بولسا ئاندىن بۇ ئورۇندىن يىڭنىنى، تارتىپ ئېلىۋېتىپ، پەللە ئورنىنى قايتىدىن ھېسابلاپ بېكىتىپ، ئاندىن يىڭنىنى مۇۋاپىپ چوڭقۇرلۇق ۋە مۇۋاپىق يۆنىلىشتە پەللىلەرگە سانجىپ بەرلىك ئورۇن، پەللە ئورنىدا يۇقاردا سۆزلەپ ئۆتۈلگەندەك ئالاھىدە سېزىملارنىڭ بىرەرسى پەيدا بولغاندا ئاندىن توختاش لازىم.

## 6. ھەرقايسى ئۆتكۈنچى يوللار ۋە ئۆ يوللاردىكى پەللىلەر

### 1. 督脉



# 1. 任脉


任脉
承浆
廉泉
天突
璇玑
华盖
紫宫
玉堂
膻中
中庭
鸠尾
巨阙
上脘
中脘
建里
下脘
水分
神阙
阴交
气海
石门
关元
中极
曲骨
会阴

## 3-（手三阴经经穴）




手太阴肺经

寅时3-5

www.jingluo.info

# 手少阴心经




午时11-13




# 手厥阴心包经

戌时19-21

# 4-（手三阳经经穴）




手阳明大肠经

卯时5-7

# 手太阳小肠经




未时13-15

www.jingluo.info




# 手少阳三焦经

亥时21-23

# 5-（足三阳经经穴）




足阳明胃经

辰时7-9



足太阳膀胱经穴

## 足太阳膀胱经预防和主治的疾病

呼吸系统：感冒、发烧、各种急慢性支气管炎、哮喘、肺炎。
消化系统：消化不良、腹痛、痢疾、胃及十二指肠溃疡、胃下垂、急慢性胃肠炎、肝炎、胆囊炎。
泌尿生殖系统：肾炎、阳痿、睾丸炎、闭经、月经不调、痛经、盆腔炎、附件炎、宫颈糜烂
其他疾病：失眠、腰背痛、坐骨神经痛、中风后遗症、关节炎，经脉所过的肌肉痛。

# 足少阳胆经


肩井
渊腋
辄筋
日月
京门
带脉
五枢
维道
居髎
环跳
风市
中渎
膝阳关
阳陵泉
阳交
外丘
光明
阳辅
悬钟
丘墟
足窍阴
足临泣
侠溪
地五会
目窗
率谷
头临泣
正营
承灵
天冲
浮白
头窍阴
脑空
完骨
风池
听会
肩井
本神
颔厌
悬颅
悬厘
阳白
瞳子髎
下关
曲鬓

子时23-1

# 6-（足三阴经经穴）

养生主·传统养生门户
www.yangshengzhu.com




足太阴脾经穴

## 足太阴脾经预防及主治的疾病

消化系统疾病：消化不良、泄泻、痢疾、便秘。
妇科病：痛经、月经不调、闭经、月经提前或错后、盆腔炎、附件炎、
男科：急慢性前列腺炎、

# 足少阴肾经




酉时17-19

足厥阴肝经




丑时1-3

**7-**（常用经外奇穴）

# 7. ھەرقايسى ئۆتكۈنچى يوللارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە داۋالايدىغان كېسەللىكلىرى

## （人体督脉和任脉及十二经脉的预防和主治疾病）

### 督脉：

脊柱病：腰肌劳损、腰椎间盘突出、强直性脊柱炎、颈椎病。
其他：小儿消化不良、头痛、发烧、中风、脱肛、失眠多梦、记忆力减退、退行性关节炎、胆囊炎。

### 任脉：

泌尿生殖系统：前列腺炎、阳痿、早泄、盆腔炎、附件炎、白带病。
消化系统：胃痛、消化不良、胃溃疡。
其他：失眠、胸闷气短、腰痛。

### 1.手太阴肺经：

呼吸系统：各种急慢性气管炎、支气管炎、哮喘、咳嗽、咳血、胸痛。
五官科：急慢性扁桃体炎、急慢性咽炎、咽痛、鼻炎、流鼻血。
其他：经脉所过关节屈伸障碍、肌肉痛。

### 2.手太阴心经：

心血管疾病：冠心病、心绞痛、心动过速、心动过缓、心肌缺血、心慌。
神经及精神疾病：失眠健忘、神经衰弱、精神分裂、癫痫、神经官能症。
其他：肋间神经痛、经脉所经肌肉痛。

### 3.手厥阴心包经：

心血管系统：心慌、心动过速、心动过缓、心肌缺血、心绞痛、胸闷。
其他：恶心、呕吐、抑郁症、中暑、休克、小儿惊风、胃胀胃痛、经脉所过关节肌肉疼痛。

### 4.手阳明大肠经：

呼吸系统：感冒、支气管炎、发烧、头痛、咳嗽。
头面疾病：头痛、面神经炎、面肌痉挛、面瘫、牙痛、麦粒肿、结膜炎、角膜炎、

耳聋、耳鸣、三叉神经痛、鼻炎、鼻塞。
其他：颈椎病、皮肤瘙痒、神经性皮炎、荨麻疹、经脉所过关节活动障碍。

**5.手太阳小肠经：**

五官科：眼疼、咽疼、头痛、耳聋耳鸣、中耳炎、腮腺炎、扁桃体炎、角膜炎。
其他：腰扭伤、肩痛、落枕、失眠、癫痫、经脉所经关节肌肉疼。

**6.手少阳三焦经：**

五官科：耳鸣、耳聋、腮腺炎、面神经炎、偏头痛、面肌痉挛。
其他：肋间神经痛、便秘、中风后遗症、感冒、肘关节屈伸不利、经脉所过关节肌肉软组织病。

**7.足阳明胃经：**

胃肠道疾病：小儿腹泻、消化不良、食欲不振、胃胀、胃痛、胃下垂、胃及十二直肠溃疡、胃炎、急性胃痉挛，胃神经官能症，胃肠蠕动过慢、便秘、泄泻、痢疾。
头面疾病：痤疮、黄褐斑、头痛、眼疼、牙痛、面神经麻痹、腮腺炎、咽炎。
其他：中风偏瘫后遗症、慢性阑尾炎、乳腺增生、白细胞减少、经脉所过关节肌肉疼。

**8.足太阳膀胱经：**

呼吸系统：感冒、发烧、各种急慢性支气管炎、哮喘、肺炎。
消化系统：消化不良、腹痛、痢疾、胃及十二指肠溃疡、胃下垂、急慢性胃肠炎、肝炎、胆囊炎。
泌尿系统：肾炎、阳痿、睾丸炎、痛经、闭经、月经不调、盆腔炎、附件炎、宫颈糜烂。
其他：失眠、腰背痛、坐骨神经痛、中风后遗症、关节炎、经脉所经肌肉痛。

**9.足少阳胆经：**

肝胆病：各种急慢性胆囊炎、胆绞痛、各种慢性肝炎。
五官科疾病：头昏、偏头痛、面神经炎、面神经麻痹、耳聋、耳鸣、近视。
其他：感冒、发热、咽喉肿痛、肋下痛、经脉所过肌肉痛。

**10.足太阴脾经：**

消化系统：消化不良、泄泻、痢疾、便秘。

妇科病：痛经、闭经、月经不调、月经提前或错后、盆腔炎、附件炎。
男科：急慢性前列腺炎、水肿。
其他：周身不明原因疼痛、关节炎、经脉所过关节肌肉软组织病。

## 11.足太阴肾经：

泌尿生殖系统：急慢性前列腺炎、睾丸炎、阳痿、早泄、遗精、术后尿潴留、痛经、月经不调、盆腔炎、附件炎、胎位不正、各种肾炎、水肿。
头面疾病：头痛、牙痛。
其他：消化不良、泄泻、耳聋耳鸣、腰痛、中风、休克、经脉所过关节肌肉软组织病。

## 12.足厥阴肝经：

生殖病：痛经、闭经、月经不调、盆腔炎、前列腺炎、疝气。
肝胆病：各种急慢性肝炎、急慢性胆囊炎、肝脾肿大、抑郁症。
其他：头顶痛、头晕眼花、眩晕、癫痫、胃痛。

# 8. ھەرقايسى ئۆتكۈنچى يوللاردىكى يىڭنە سانجىپ داۋالاشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پەللىلەر

## 1- باش ۋە بويۇن قىسمىدىكى ئاساسىي پەللىلەر:




### 1. دۇي دۇەن dui duan 兑端

ئورنى: يۇقىرقى كالپۇك قىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا.
**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** يۇقىرقى كالپۇك قىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باش بارماق ۋە كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن يىغىپ تۇرۇپ پەللە ئورنىغا توۋەندىن يۇقىرىغا (بۇرۇن تەرەپكە) يانتۇ ھالەتتە (يەنى تىرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يىڭنە سانجىغاندا ئاغرىپ كېتىش، ھەرخىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ئاغرىپ كېتىش. مەسىلەن: ھىستېرىيە، تۇتقاقلىق كېسەل(سەرئىي)، ئۆپكىدىن بولغان ھوشسىزلىنىش، تۇيۇق سوغۇق ئۆتۈشتىن ۋە سۇدا تۇنجۇقۇشتىن بولغان ھوشسىزلىنىش، مېڭە قان چۈشۈش، ھەرخىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان مېڭە كېسەللىكى، يۈز نېرۋا پالەچى، بالىلاردىكى تارتىشىپ قېلىشلار.




### 2. رېن جوڭ ren zhong 人中

ئورنى: بۇرۇن ئاستى ئوتتۇرا ئېرىقچىسىنىڭ ئۈستى قىسمى بىلەن بۇرۇن ئوتتۇرا ياسلى كېمىرچىكىنىڭ ئارىسىدىكى بوش ئورۇن بولۇپ ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ مۇھىم پەللە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا توۋەندىن يۇقىرىغا يانتۇ ھالەتتە (يەنى تىرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇيەللەدە سىزىم كۈچلۈك بولغانلىق ئۈچۈن پەقەت ھوشىدىن كەتكەن بىمارلارغا قارىتا ئىشلىتىپ، ھوشىدىن كەتمىگەن باشقا بىمارلارغا ئىشلەتمەسلىك لازىم.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەرخىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ئايلىنىپ كېتىش. مەسىلەن: ھىستېرىيە، مېڭىگە قان چۈشۈش، بالىلاردىكى تارتىشىپ قېلىش، تۇتقاقلىق كېسەل(سەرئىي)، ئۆپكە كېتىشتىن بولغان ھوشسىزلىنىش، توك سوقۇۋېتىشتىن ۋە سۇدا تۇنجۇقۇشتىن بولغان ھوشسىزلىنىش.......





## 3. سۇ لياۋ su liao 素髎.

ئورنى: بۇرۇننىڭ ئۇچىدا.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: يەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇيەللەدە سىزىم كۈچلۈك بولغانلىق ئۈچۈن يىڭنە سانجىغاندا، كۆزىدىن ياش چىقىپ كېتىش، ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنى بىمارغا ئەسكەرتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەرخىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ئايلىنىپ كېتىش، ئۆتكۈر بۇرۇن ياللۇغى، بۇرۇن ياللۇغى، بۇرۇن يان كاۋىكى ياللۇغى، يۈراش سىزىمىنىڭ تۆرۈۋېلىشى، بۇرۇن.ئۇچى قىزىرىپ قېلىش، بۇرۇن قاناش كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.





## 4. يىن تاڭ yin tang 印堂.

ئورنى: ئىككى قاشنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: يەللە ئورنىدىكى تېرىنى باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماق ئارىسىدا قىسىپ، ئالدىغا تارتىپ تۇرۇپ، يىڭنە ئۇچىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ياتقۇزغان ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 — 1.5 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** ھەرخىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ئايلىنىپ كېتىش، يۇقىرى قان بېسىم، نېرۋا مەنبەلىك قۇسۇش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، يۈرەك نېرۋا پارالىچى، قاپاق مۇسكۇللىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى، ئۈچ ئاچا نېرۋا ئاغرىقى، كۆز ئاغرىش، كۆز ياشاڭغۇراش ۋە كىچىك بالىلاردىكى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىش، ئۇخلىيالماسلىق، زۇكام، باش قېيىش.




## 5. شېن تىڭ shen ting 神庭

**ئورنى:** چاچنىڭ ئالدىنقى ئوتتۇرا چېگرىسىدىن 5فۇڭ (بىر چىمچىلاق بارماق كەڭلىك) ئۈستى ئورۇن.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** كەينىدىن ئالدىغا قارىتىپ (يەنى باش چوققىسى تەرەپتىن پېشانە تەرەپكە قارىتىپ) تېرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇس يانتۇ بولۇڭ ھاسىل قىلىپ، 1 سۇڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** پېشانە قىسمىنىڭ ھەرخىل ئاغرىقلىرى، باش ئايلىنىش، نېرۋا مەنبەلىك قۇسۇش، يۈرەك سېلىش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، كۆز ياشاڭغۇراش، ئۇيقۇسىزلىق، بۇرۇن ياللۇغى.




## 6. چيەن دىڭ qian ding 前顶

**ئورنى:** شېن تىڭ 神庭 پەللىسىدىن بىر يېرىم سۇڭ (1.5 寸) يۇقىرىسىدىكى ئورۇن، يەنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا بارماق كەڭلىك يۇقىرىسىدىكى ئورۇن.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** كەينىدىن ئالدىغا قارىتىپ (يەنى باش چوققىسى تەرەپتىن پېشانە تەرەپكە قارىتىپ) تېرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇس يانتۇ بولۇڭ ھاسىل قىلىپ، بىر سۇڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** مېڭىگە قان چۈشۈش، مېڭە قىلقان ئۆسمۈرلىرى ئۆسۈلۈش، بالىلاردىكى تارتىشىپ قېلىش، باش ئايلىنىش، باش ئاغرىقى، ئۇيقۇسىزلىق ۋە بويۇن ئۆسمۈرتقا كېسەللىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھەرخىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.







## .7 بەي خۇي bay hui 百会 ·

ئورنى: باش ۋاشاقسان سىزىقى بىلەن ئىككى تەرەپ قۇلاق ئۇچچىنى تۇتاشتۇرغۇچى تاجسىمان سىزىقنىڭ ـشىش نوقتىسى يەنى 前顶 يەللىدىن بىر يېرىم سوڭ (寸 1.5) يەنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ۇتتۇرا باماق كەڭلىك كەينىدىكى ئورۇن.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** كەينىدىن ئالدىغا قارىتىپ (يەنى باش چوققىدىن پېشانە تەرەپكە قارىتىپ) تىرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇس يانتۇ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ ، بىر سوڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆت يۆلىنىشتە تىرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇس يانتۇ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ سانجىش ئۇسۇلىمۇ بار.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** مېڭىگە قان چۈشۈش، مېڭە قىلقان تومۇرلىرى تومۇلۇش، بالىلاردىكى تارتىشىپ قېلىش، باش ئايلىنىش، باش ئاغرىقى، مېڭە نېرۋىلىرىنىڭ بوشۇشۇپ كېتىشى، ھوشسىزلىق، سۆزلىيەلمەسلىك، بۇرۇن كېسەللىكلىرى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، ئۇيقۇسىزلىق ۋە بويۇن ئومۇتقا كېسەللىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مەرخىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.




## .8 خو دىڭ hou ding 后顶·

ئورنى: 百会 يەللىدىن بىر يېرىم سوڭ (寸 1.5) كەينى تۆۋەندە يەنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا باماق كەڭلىك كەينى ئاستىدىكى ئورۇن.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** ئالدى يۇقىرىدىن كەينى تۆۋەنگە قارىتىپ (يەنى باش چوققىدىن گەدەنگە تەرەپكە قارىتىپ) تىرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇس يانتۇ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ ، 1 سوڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** مېڭىگە قان چۈشۈش، مېڭە قىلقان تومۇرلىرى تومۇلۇش، بالىلاردىكى تارتىشىپ قېلىش، باش ئايلىنىش، باش تۆپە قىسمى ئاغرىقى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، ئۇيقۇسىزلىق ۋە بويۇن ئومۇتقا كېسەللىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھەرخىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.




## 9. چاڭ جيەن qiang jian 强间·

ئورنى: 后顶 پەللىسىدىن بىر يېرىم سوڭ (1.5 寸) كەينى تۆۋەندە يەنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا بارماق كەڭلىك كەينى ئاستىدىكى ئورۇن. ياكى 百会 پەللىسىدىن 3 سوڭ كەينى ئاستىدىكى ئورۇن

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ (يەنى باش چۈققىسىدىن بويۇن تەرەپكە قارىتىپ) تېرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇس يانتۇ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ ، بىر سوڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** نېرۋا مەنبەلىك قۇسۇش، ئۇيقۇسىزلىق، باش ئايلىنىش، بويۇن مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قېلىش، ۋە بويۇن ئومۇتقا كېسەللىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھەرخىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.




## 10. ناۋ خو nao ho 脑户·

ئورنى: 强间 پەللىسىدىن بىر يېرىم سوڭ (1.5 寸) ئاستىدا يەنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا بارماق كەڭلىك كەينى ئاستىدىكى ئورۇن. يەنى گەجگە دۆڭقۇسىنىڭ ئۈستىدىكى ئويمان ئورۇن

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ (يەنى باش چۈققىسىدىن بويۇن تەرەپكە قارىتىپ) تېرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇس يانتۇ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ ، بىر سوڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** مېڭە زەخمىلىنىش، چوڭ – كىچىك تەرەتنى تۇتالماسلىق، ئۇيقۇسىزلىق، باش ئايلىنىش، بويۇن مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قېلىش،پۈتۈن مېڭە كېسەللىكلىرىگە ۋە بويۇن ئومۇرتقا كېسەللىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھەرخىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.




## 11. فېڭ فۇ feng fu 风府·

ئورنى: 脑户 پەللىسىدىن بىر يېرىم سوڭ (1.5 寸) ئاستىدا يەنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا بارماق

كەڭلەك كەينى ئاستىدىكى ئورۇن. يەنى گەجگە دۆڭىنىڭ ئازىراق ئاستىدىكى ئويماندا.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** كەينى ئۈستى تەرەپتىن ئالدى ئاستى تەرەپكە قارىتىپ، تېرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇس يانتۇ بۆلۈك هاسىل قىلىپ ، بىر سوڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** پۈتۈن يۈلۈن كېسەللىكلىرى، سارائىلىق، كىچىك بالىلارنىڭ يۇقىرى قىززىتىلىق تارتىشىپ قېلىشى، مېڭە زەخىملىنىش، ئايلىنىپ كېتىش، بوينى مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قېلىش، باش ئاغرىقى، ئويقۇسىزلىق، ۋە بويۇن ئومۇرتقا كېسەللىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھەرخىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.




## 12. يا مېن 哑门 ya men

**ئورنى:** 风府 پەللىدىن بىر يېرىم سوڭ （1.5 寸） ئاستىدا يەنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا باماق كەڭلىك كەينى ئاستىدىكى ئورۇن. يەنى چاچنىڭ ئارقا چېگرىسىدىن يۇقۇرغا 5 فوڭ(بىر چىمچىلاق بارماق كەڭلىكى)ئورۇن.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بۆلۈك هاسىل قىلىپ) 1 سوڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** ھېستېرىيە، تۇتقاقلىق كېسەل （سەرئىي）، مېڭە قىلغان تومۇرلىرى تارىيىش، مۇچىلەرنىڭ كۆچىزلىنىشى، باش ئارقىسى ئاغرىش، تۇخلىيالماسلىق، بويۇن مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قېلىش، بويۇن ئومۇرتقىغا كۆمۈرچەك ئۆسۈش سەۋەبىدىن بولغان كېسەللىكلەر.




## 13. فېڭ چى .风池 feng chi

**ئورنى:** 风府 پەللىدىن ئىككى يان تەرەپتىكى 1.5 سوڭ بولغان جاي بولۇپ ئوڭ - سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بۆلۈك هاسىل قىلىپ) 1 سوڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** پۈتۈن مېڭە كېسەللىكلىرى، يېرىم تەن پالەچى، بەدەن ئاجىزلىق، نېرۋىلارنىڭ

بوشۇشۇپ كېتىشى، باش ئاغرىقى بويۇن مۇسكۇللىرىنىڭ سىيازملىنىشى، ئويقۇسىزلىق، بويۇن ئومۇتقىسىغا كۆمۈرچەك ئۆسۈش سەۋەبىدىن بولغان كېسەللىكلەر.




## .14 تيەن جۇۋ tian zhu 天柱

ئورنى: 哑门 پەللىسىدىن ئىككى يان تەرىپىدىكى 7 فۇڭ بولغان جاي بولۇپ، ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 سۇڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: گەجگە ئاغرىش، يۇتقۇنچاق ئىششىش، مېڭە قان چۈشۈشتىن بولغان سۆزلەش قىيىن بولۇش، نېرۋا ئاجىزلاش، باش ئاغرىش، بۇرۇن پۈتۈش، بويۇن ئومۇتقىسىغا كۆمۈرچەك ئۆسۈش سەۋەبىدىن بولغان كېسەللىكلەر.




图8-12-8 头维穴

## .15 تو ۋى tou wei 头维

ئورنى: 神庭 پەللىسىدىن ئىككى يان تەرىپىدىكى 3 سۇڭ بولغان جايدىن چېكە چاچ گىرۋىكىنىڭ ئىچىگە 5 فۇڭ بولغان جاي. ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا ياتقۇزغان (تىرە بويلاتقان) ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) ئۈستىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ 1 سۇڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مېڭىگە قان چۈشۈش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، چېكە قىسىم ئاغرىش، يۈز نېرۋا پالەچى.

ھەرخىل باشكېسەللىكى، كۆز پۈتۈن قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى.




图8-7-10 翳风、瘈脉、角孙穴



## 16. جىئاۋ سۇن jiao sun 角孙

ئورنى: قۇلاقنى ئوتتۇردىن قاتلىغاندا پەيدا بولغان ئۈستىنكى قۇلاق ئۇچىنىڭ باشقا تەگكەن ئورنى بولۇپ، ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: پەللە ئورنىغا ياتقۇزغان (تىرە بويلاتقان) ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بولۇش ھاسىل قىلىپ) يۇقۇردىن تۆۋەنگە قارىتىپ 1 سوك چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، باش قېيىش، ئۇيقۇسىزلىق، چەكە مۇسكۇللىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ قېلىشى، قۇسۇش، چايناشنىڭ قىيىن بولۇشى، كۆز ياشاڭغۇراش، تالقاننىڭ بەز ئىششىقى.




图8-12-5 颊车、下关穴




## 17. شيا گۇەن xia guan 下关

ئورنى: ئېغىز يۇمۇپ تۇرغان ۋاقىتتىكى قۇلاق ئالدى مەڭزە يايىنىڭ ئاستىدىكى ئويمانلىقتا بولۇپ، ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 سوك چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مېڭىگە قان چۈشۈشتىن بولغان پالەچ، مېڭە قىلقان تومۇرلىرى تومۇلۇش، يۈز نېرۋا پالەچى، قۇسۇش، چىش ئاغرىش، قۇلاق غۇڭۇلداش،قۇلاق ئاغرىش ۋە ھەرخىل قۇلاق كېسەللىكى ۋە باش ئاغرىش، چىش ئاغرىش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش.




图8-8-9 听宫穴

## 18. تىڭ گوڭ ting gong 听宫.

ئورنى: ئېغىز ئاچقان ۋاقىتتىكى قۇلاق ئالدى ئوتتۇرا ئۇسۇكچىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان ئويمانلىقتا بولۇپ، ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** ئېغىزنى تولۇق ئاچقۇزۇپ تۇرۇپ پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 1.5 سوڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** بۇ پەللە ئورنىغا يىڭنە سانجىغاندا بىمارنىڭ ئېغىزنى تولۇق ئاچقۇزۇپ تۇرۇپ ئاندىن سانجىش كېرەك.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** مېڭىگە قان چۈشۈشتىن بولغان پالەچ، مېڭە قىلقان تومۇرلىرى تومۇلۇش، يۈز نېرۋا پالەچى، ئۈچ ئاچا نېرۋا ئاغرىقى، قوسۇش، چىش ئاغرىش، قۇلاق غوڭۇلداش، باش ئاغرىش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش.




听会（tinghui）穴：在面部，当耳屏间切迹的前方，下颌骨髁突的后缘，张口有凹陷处。

## 19. تىڭ خۇي ting hui 听会.

ئورنى: ئېغىز ئاچقان ۋاقىتتىكى 听宫 پەللىنىڭ 0.5 فۇڭ ئاستىدىكى ئورۇن. ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** ئېغىزنى تولۇق ئاچقۇزۇپ تۇرۇپ پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 1.5 سوڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** بۇ پەللە ئورنىغا يىڭنە سانجىغاندا بىمارنىڭ ئېغىزنى تولۇق ئاچقۇزۇپ تۇرۇپ ئاندىن سانجىش كېرەك.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** مېڭىگە قان چۈشۈشتىن بولغان پالەچ، مېڭە قىلقان تومۇرلىرى تومۇلۇش، يۈز نېرۋا پالەچى، قوسۇش، چىش ئاغرىش، قۇلاق غوڭۇلداش،قۇلاق ئاغرىش ۋە ھەرخىل قۇلاق كېسەللىكى ۋە باش ئاغرىش، چىش ئاغرىش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش.




## 20. يى فېڭ yi feng 翳风

ئورنى: قۇلاق يۇمشىقىنىڭ ئارقىسىدىكى ئويمان ئورۇندا بولۇپ، ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** سىرتقى ئارقا تەرەپتىن ئىچكى ئالدى تەرەپكە يىڭنە ئۇچىنى قارىتىپ، پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 1.5 سوڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** بۇ پەللە ئورنىدىن بويۇن قىسمىدىكى ۋېنا ۋە ئارتېرىيەلەر ئۆتىدىغان بولغاچقا بۇ پەللە ئورنىغا يىڭنە سانجىغاندا يىڭنىكەن ئۆلچەمدىن ئارتۇق سانجىۋەتمەسلىك كېرەك.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** قۇلاق ئاغرىش ۋە ھەرخىل قۇلاق كېسەللىكى، يۈز نېرۋا پالەچلىكى، ئېغىز كىرىشىپ قېلىش، چىراي ئىپادە مۇسكۇللىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ۋە پالەچلىنىشى، باش ئارقىسى ئاغرىش، قالغان سىمان بەزنىڭ ئىششىقى، بويۇن مۇسكۇللىرىنىڭ سىيازمىلىنىپ قېلىشى.



## 21. چى مەي chi mai 瘈脉

ئورنى: 翳风 پەللىدىن 1 سوڭ ئارقا سەل ئۈستى تەرەپتە يەنى ئەمچەك سىمان ئۆسۈكچىنىڭ ئارقىسىدىكى ئويماندا بولۇپ، ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 0.5 ـ 1 سوڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** بۇ پەللە ئورنىدا قۇلاق ئارقا ئارتېرىيەسى تارقالغان بولۇپ، بۇ پەللە ئورنىغا يىڭنە سانجىغاندا يىڭنىكەن ئۆلچەمدىن ئارتۇق سانجىۋەتمەسلىك كېرەك.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** مېڭىگە قان چۈشۈشتىن بولغان پالەچ، كىچىك بالىلارنىڭ تارتىشىپ قېلىشى، كۆز قارىچۇقىنىڭ ئارقىغا كېتىشى، ئۆتكۈر قۇسۇش، باش ئاغرىش، قۇلاق غوڭۇلداش، ۋە بويۇن ئۆمۈتقا كېسەللىكى

سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھەرخىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.







## 22. يۈياۋ yu yao 鱼腰·

ئورنى: ئادەم ئۇدۇل قارىغاندىكى كۆز قارچۇغىدىن ئۇستى تەرەپكە تىك سىزىلغان سىزىق بىلەن قاشنىڭ كېسىشكەن جايىدا، يەنى قاشنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولۇپ. ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى: پەللە ئورنىغا ئىچىدىن سىرتىغا قاراپ ياتقۇزغان (تىرە بويلاتقان) ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 سۇڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قاپاق مۇسكۇللىرىنىڭ بوشۇشۇپ كېتىشى، يۈزنىرۋا پالەچى، كۆز ياشاڭغۇراش، كۆزنى يۇمۇپ ئېچىش ھەركىتى توسقۇنلۇققا ئۇچۇراش، پېشانە قىسمىدىكى مۇسكۇللاردىكى تارتىشقاندەك سىزىمنىڭ پەيدا بولۇشى.






## 23. ياڭ بەي yang bai 阳白·

ئورنى: 鱼腰 پەللىسىدىن تىك يۇقىرىدىكى 1 سۇڭ ئورۇندا بولۇپ. ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى: پەللە ئورنىغا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ياتقۇزغان (تىرە بويلاتقان) ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 1.5 سۇڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈزنىرۋا پالەچى، كۆز ئالىنىڭ تىترىشى، كۆز قىچىشىپ ئاغرىش، ئۈچ ئاچا نىرۋا ئاغرىقى، قاپاق مۇسكۇللىرىنىڭ بوشۇشۇپ كېتىشى ، كۆزنى يۇمۇپ ئېچىش ھەركىتى توسقۇنلۇققا ئۇچۇراش، پېشانە قىسمىدىكى مۇسكۇللاردىكى تارتىشقاندەك سىزىمنىڭ پەيدا بولۇشى.




## 24. تەي ياڭ tai yang 太阳

**ئورنى:** قاشنىڭ سىرتقى بۇرجىكىدىكى ئويمانلىقتا بولۇپ، ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** يەللە ئورنىغا يۇقۇردىن تۆۋەنگە قارىتىپ ياتقۇزغان (تىرە بويلاتقان) ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) ياكى يەللە ئورنىغا تىك قىستايتىپ، 5 فۇڭدىن 1 سوڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، يۈزنىرۋا پارالىچى، قاپاق مۇسكۇللىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى ، ئۈچ ئاچا نىرۋا ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، مېڭىگە قان چۈشۈشتىن بولغان پالەچ، كۆز ياشاڭغۇراش ۋە ھەرخىل كۆز كېسەللىكلىرى.




## 25. زەن جۇ zan zhu 攒竹

**ئورنى:** ئىككى قاشنىڭ ئىچكى تەرەپ ئۇچىدىكى ئويمان ئورۇندا يەنى 印堂 يەللىسىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە بولۇپ، ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** يەللە ئورنىغا تۆۋەندىن يۇقۇرغا قارىتىپ ياتقۇزغان (تىرە بويلاتقان) ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 0.5 ـ 1 سوڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** باش ئايلىنىش، پۈتۈن كۆز كېسەللىكلىرى، ئۇخلىيالماسلىق، قاپاق مۇسكۇللىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى، يۈز نىرۋا پارالىچى، بۇرۇن ياللۇغى.




图 4-16

## 26. چېڭ چى cheng qi 承泣.

ئورنى: ئادەم ئودۇل قارىغاندىكى كۆز قارچۇغىنىڭ 7 فۇڭ تىك ئاستىدىكى بولغان ئورۇن بولۇپ، ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

<u>ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر</u>: كۆز ئىچكى بېسىمىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، كۆرۈش نېرۋىللىرىنىڭ يىگىلەپ كېتىشى، قاپاق مۇسكۇللىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى، يۈزنېرۋا پالەچى، كۆز ياشاڭغۇراش، كۆزنى يۇمۇپ ئېچىش ھەركىتى تۇسقۇنلۇققا ئۇچۇراش ۋە بۇرۇن ياللۇغى.




图 4-16

## 27. سى بەي si bai 四白.

ئورنى: 承泣 پەللىسىدىن تىك 3 فۇڭ ئاستىدا بولۇپ، ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

<u>ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر</u>: يۈزنېرۋا پالەچى، كۆز ياشاڭغۇراش، باش ئاغرىش، بۇرۇن ياللۇغى، كۆز ئىچكى بېسىمىنىڭ ئېشىپ كېتىشى.




## .28 جۈ لياۋ ju liao 巨髎·

ئورنى: 四白 پەللىدىن تىك تۆۋەنگە سىزىلغان سىزىق بىلەن بۇرۇن لېپىلدىقىنىڭ ئاستى قىرىدىن يان تەرەپكە يانتۇ سىزىلغان سىزىقنىڭ كېسىشكەن جايىدا ياكى ئادەم ئۇدۇل قارىغاندىكى كۆز قارچۇقىدىن ئاستى تەرەپكە تىك سىزىلغان سىزىق بىلەن بۇرۇن لېپىلدىقىنىڭ ئاستى قىرىدىن يان تەرەپكە يانتۇ سىزىلغان سىزىقنىڭ كېسىشكەن جايىدا ۋە ياكى بۇرۇن لېپىلدىقىنىڭ ئاستى قىرىدىن يان تەرەپكە 8 فۇڭ بولغان ئورۇن بولۇپ، ئوڭ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** يۈز نېرۋا پالەچى، بۇرۇن قاناش، چىش ئاغرىش، ئۈچ ئاچا نېرۋا ياللۇغى، ئېغىز ئېچكى شىللىق پەردە ياللۇغى، مەڭز قىسمىدىكى تېرە مۇسكۇللارنىڭ ئۆيۈشۈشى ۋە ھەرخىل كۆز كېسەللىكلىرى.




## .29 يىڭ شياڭ ying xiang 迎香·

ئورنى: بۇرۇن لېپىلداق ئېرىقچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنى 巨髎 پەللىسىنىڭ تۈز ئېچكى تەرىپىدە بولۇپ، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** ئايلىنىپ كېتىش، يۈز نېرۋا پالەچى، بۇرۇن ياللۇغى، بۇرۇن يان كاۋىكى ياللۇغى، پۇراش سېزىمىنىڭ تۆۋەنلىشى، بۇرۇن ئۇچى قىزىرىپ قېلىش، بۇرۇن قاناش كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.




## 30. دى ساڭ di cang 地仓

ئورنى: ئېغىز بۇرجىكىدىن سىرتقا 5 فۇڭ بولغان ئورۇن ياكى ئادەم ئۇدۇل قارىغاندىكى كۆز قارچۇغىدىن ئاستى تەرەپكە تىك سىزىلغان سىزىق بىلەن ئېغىز بۇرجىكىدىن يان تەرەپكە تىك سىزىلغان سىزىقنىڭ كېسىشكەن جايىدا، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** ئىچكى ئالدى تەرەپتىن سىرتقى كەينى تەرەپكە قارىتىپ، ياتقۇزغان (تېرە بويلاتقان) ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1.5 ـ 1 سۇڭفېچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** مېڭە قان چۆكۈشتىن بولغان ئېغىز ۋە كۆزنىڭ مايماق كېتىشى، يۈز نېرۋا پالەچى، ئۈچ ئاچا نېرۋا ياللۇغى، ئېغىزدىن شالاق ئېقىش، يۈز مۇسكۇللىرىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى.



图12-3-2

## 31. دا يىڭ da ying 大迎

ئورنى: 地仓 پەللىدىن ستقى ئارقا سەل ئاستى 1 سۇڭ بولغان ئورۇن ياكى چىشنى چىڭ چىشلەپ تۇغاندا پەيدا بولغان 颊车 پەلىنىڭ ئالدى ئاستى تەرىپىدىكى ئويمان ئورۇن بولۇپ، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** ئالدى تەرەپتىن كەينى تەرەپكە يەنى 颊车 پەللەسىگە قارىتىپ، ياتقۇ ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1ـ 1.5 سۇڭفېچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** يۈز نېرۋا پالەچى، يۈز سوغۇق ئېششىقى، چايناش مۇسكۇللىرىنىڭ سپازمىلىشى، سۆزلىيەلمەسلىك، تۇيۇقسىز ئىڭەك بوغۇمىنىڭ ئاغرىشى، چىش ئاغرىقى، كۆز ئالما ئايلانما مۇسكۇللىرىنىڭ سپازمىلىنىشى، ئېغىز ئىچچى شىللىق پەردە يارىسى.



## 32. جيا چې ·颊车 jia che

ئورنى: ئاستى ــ ئۈستى چىشنى چىڭ چىشلىگەندىكى ئېڭەك قىسمىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئورۇن بولۇپ، ئوڭ ــ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1ـ 1.5 سۇڭگىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مېڭىگە قان چۈشۈشتىن بولغان پالەچ ۋە مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇشتىن بولغان پالەچ، يۈز نېرۋا پالەچى، يۈز سۇلۇق ئىششىقى، چايناش مۇسكۇللىرىنىڭ سپازمىلىشى، سۆزلىيەلمەسلىك، ئۈچ ئاچا نېرۋا ياللۇغى، قالقان سىمان بەز ئىششىقى، بويۇن مۇسكۇللىرىنىڭ سپازمىلىنىشى،تۆۋەنكى ئېڭەك بوغۇمىنىڭ ئاغرىشى، چىش ئاغرىقى، ئېغىز ئىچكى شىللىق پەردە يارىسى.



## 33. چېڭ جياڭ ·承浆 cheng jiang

ئورنى: ئاستىنقى كالپۇك ئوتتۇرىسىنىڭ ئاستى قىسمىدىكى ئويمانلىق دەل ئوتتۇرىدىكى ئورۇن.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سۇڭگىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈز نېرۋا پالەچى، يۈز سۇلۇق ئىششىقى، تۆۋەنكى ئېڭەك قىسمىدىكى چىشلارنىڭ ئاغرىقى، دىئابىت، ھەرخىل سەۋەبلەردىن بولغان تارتىشىپ-قېلىش—





## 34. يۈ يې yu ye 玉液.

**ئورنى:** تىلنى ئۈستىگە ئەگكەندىكى يىسارنىڭ ئوڭ تەرەپ تىل ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ۋېنا تومۇرلىرى ئۈستىدىكى ئورۇن.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** تىلنى ئۈستىگە ئېگىپ تۇرۇپ بەللە ئورنىغا يىڭنىنى 5 فۇڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىپلا تارتىۋېلىنىدۇ. **ئەسكەرتىش:**بۇجەرياندا يىڭنىنى پەللە ئورنىدا قالدۇرۇپ قويۇشقا ياكى يىڭنىنى تولغاشقا بولمايدۇ ھەم پەللە ئورنىدىن ئاز مىقدادا قان چىقىپ ئۆزلىگىدىن توختاپ قالىدۇ، بۇ نورمال ئەھۋال ئەنسىرىمەكمۇ بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تىل ئاستىدىكى ۋېنا قانتومۇردىن قان ئېلىش ئۇسۇلىغا تەۋە.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** تىل ئاستى نىرۋا پارالىچى، مېڭىگە قان چۈشۈشتىن كېلىپ چىققان سۆزلىيەلمەسلىك، كېكىردەك مۇسكۇل پارالىچى، تىل ئاستى ۋېنا تومۇرلىرىنىڭ ئەگرى- بۈگرى كۆپۈپ قېلىشى، ئۆتكۈر قۇسۇش، مېڭە قىل قان تومۇرلىرى تۇسۇلۇشتىن بولغان سۆزلەشنىڭ قىيىن بولۇشى.





## 35. جىن جىن jin jin 金津.

**ئورنى:** تىلنى ئۈستىگە ئەگكەندىكى يىسارنىڭ سول تەرەپ تىل ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ۋېنا تومۇرلىرى ئۈستىدىكى ئورۇن.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** تىلنى ئۈستىگە قەرىپ تۇرۇپ بەللە ئورنىغا يىڭنىنى 5 فۇڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىپلا تارتىۋېلىنىدۇ. **ئەسكەرتىش:**بۇجەرياندا يىڭنىنى پەللە ئورنىدا قالدۇرۇپ قويۇشقا ياكى يىڭنىنى تولغاشقا بولمايدۇ ھەم پەللە ئورنىدىن ئاز مىقدادا قان چىقىپ ئۆزلىگىدىن توختاپ قالىدۇ، بۇ نورمال ئەھۋال ئەنسىرىمەكمۇ بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تىل ئاستىدىكى ۋېنا قانتومۇردىن قان ئېلىش ئۇسۇلىغا تەۋە.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** تىل ئاستى نىرۋا پارالىچى، مېڭىگە قان چۈشۈشتىن كېلىپ چىققان سۆزلىيەلمەسلىك، كېكىردەك مۇسكۇل پارالىچى، تىل ئاستى ۋېنا تومۇرلىرىنىڭ ئەگرى- بۈگرى كۆپۈپ قېلىشى، ئۆتكۈر قۇسۇش، مېڭە قىل قان تومۇرلىرى تۇسۇلۇشتىن بولغان سۆزلەشنىڭ قىيىن بولۇشى.




## 36. خەي چۈەن 海泉 hai quan

**ئورنى:** تىلنى ئۈستىگە ئەگگەندىكى بىلارنىڭ تىل ئىلىنچۈكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئورۇن.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** تىلنى ئۈستىگە قەرىپ تۇرۇپ پەللە ئورنىغا يىڭنىنى 5 فىۋىڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىپلا تارتىۋېلىنىدۇ. **ئەسكەرتىش:** بوجەرياندا يىڭنىنى پەللە ئورنىدا قالدۇرۇپ قويۇشقا ياكى يىڭنىنى تولغاشقا بولمايدۇ ھەم پەللە ئورنىدىن ئاز مىقداردا قان چىقىپ ئۆزلىگىدىن توختاپ قالىدۇ، بۇ نورمال ئەھۋال ئەنسىمەكمۇ بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تىل ئاستىدىكى ۋېنا قانتومۇردىن قان ئېلىش ئۇسۇلىغا تەۋە.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** تىل ئاستى نىرۋا پارالچى، مېڭىگە قان چۈشۈشتىن كېلىپ چىققان سۆزلىيەلمەسلىك، كېكىردەك مۇسكۇل پارالچى، تىل ئاستى ۋېنا تومۇرلىرىنىڭ ئەگرى- بۈگرى كۆپىيىپ قېلىشى، ئۆتكۈر قۇسۇش، مېڭە قىل قان تومۇرلىرى تۇسۇلۇشتىن بولغان سۆزلەشنىڭ قىيىن بولۇشى ۋە دىئابېت كېسىلى.

## 37. شاڭ ليەن چۈەن 上廉泉 shang lian quan









**ئورنى:** ژاغاق ئاستىنقى قىرى ئالدى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئارقىسىدىكى ئويمان ئورۇن.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** ئالدى تەرەپتىن كەينى تەرەپكە يەنى كېكىردەك تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزغان (تېرە يوپىلاتقان) ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 — 1.5 سۈڭچىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** بوجەرياندا يىڭنىنىڭ پەللە ئورنىدىن تېيىپ كېتىپ كېكىردەككە كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** سۆزلىيەلمەسلىك، كېكىردەك مۇسكۇل پارالچى، تىل تۈۋىدىكى تۇتقۇنلارنىڭ يىگىلەپ

كېنىشى، كېكەچلىك، ئاغىزدىن شالاڭ ئېقىش، ئۆتكۈر قۇسۇش، بادامسىمان بەز ياللۇغى، يۆتۈش قىينىلىش.

## 2ـ كۆكرەك قىسمىدىكى ئاساسلىق پەللىلەر:




### 38. تيەن تۇ tain tu 天突.

ئورنى: تۆش سۆڭەك ئۈستى گىرۋىكىدىكى ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسى يەنى تۆش سۆكەك ئۈستى بويۇن ۋېنا ئويمىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى.

سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى: يىڭنىنىڭ ئۇچچىنى يۇقىرىدىن تۆۋەن تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزغان (تىرە بويلاتقان) ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 — 1.5 سوڭقىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇجەرياندا يىڭنىنىڭ بەك چوڭقۇر سانجىپ ئۆپكە ئۇچچىنى زەخىملەپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىكىتىلگەن ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ سانجىماسلىق لازىم.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: دىمى سىقىلىش، خىقىراش، ئاۋازى پۈتۈپ قىلىش، كېكىردەك ياللۇغى، بادام سىمان بەز ياللۇغى، پوقاق، ئۆتكۈر قۇسۇش، سۆزلىيەلمەسلىك، ئانگىنا.



### 39. چى شې qi she 气舍.

ئورنى: 天突 بەللىسىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىكى ئويماندا بولۇپ، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى: يىڭنىنىڭ ئۇچچىنى يۇقىرىدىن تۆۋەن تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزغان (تىرە بويلاتقان) ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 — 1.5 سوڭقىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بوجەريادا يىڭنىنىڭ بەك چوڭقۇر سانجىپ ئۆپكە ئۇچچىنى زەخمىلەپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بېكىتىلگەن ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ سانجىماسلىق لازىم.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كېكىردەك سىيازمىلىنىش، ئۆپكە تىقىلمىسى، ئاڭگىنا، دىئافراگما سىيازمىلىنىش، يۈرەك سىلىش، نەپەس يېتىشمەسلىك، ھەزىم بوزلۇش.

璇玑（xuanji）穴：在胸部，当前正中线，天突下1寸。



## 40. شۈەن جى xuan ji 璇玑·

ئورنى: 天突 پەللىنىڭ 1 سوڭ تىك ئاستىدا بولۇپ، يەنى天突 پەللىنىڭ بىر باش بارماق كەڭلىك، تىك ئاستىدا.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: يىڭنىنىڭ ئۇچچىنى يۇقىرىدىن تۆۋەن تەرەپكە يانتۇ ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇسلۇق بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 1.5 سوڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۆپكە تىقىلمىسى، نەپەس قىيىنلىشىش، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئاڭگىنا، قىزىل ئۆڭگەچ تارىيىش، قوۋۇزغا ئارلىق نېرۋا ئاغرىقى، ئاشقازان سىيازمىلىنىش، زىققا، سۈت بېزىدىكى ئۆسمە ۋە ئىششىق، سۈت ئازلاپ كېتىش.







## 41. يۈ فۇ yu fu 俞府·

ئورنى: 璇玑 پەللىدىن ئىككى يان تەرەپكە 2 سوڭ جايدىكى ئورۇن بولۇپ، ئوڭ — سولدا بىرجۈپ

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: يەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سوڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۆپكە تىقىلمىسى، نەپەس قىيىنلىشىش، يۈرەك كېسەللىكلىرى، قوۋۇزغا ئارلىق نېرۋا ئاغرىقى، ئاشقازان سىيازمىلىنىش، قۇسۇش، ئىشتىھاسىزلىق بەلۋاغسىمان قوتاق.




## 42. دەن جوڭ dan zhong 膻中

**ئورنى:** تۆش سۆڭىكى ئالدى ئوتتۇرا سىزىقى بىلەن ئىككى ئەمچەك تۈگمىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىقنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يېڭىنىڭ ئۇچچىنى يۇقىردىن تۆۋەن تەرەپكە يانتۇ ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 سونتېچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** يۈرەك سىلىش، ئاڭگىنا، قىزىل ئۆڭگەچ تارىيىش، ھۆتەل، قوۋۇرغا ئارلىق نېرۋا ئاغرىقى، ئاشقازان سپازمىلىنىش، زىققا، سۈت بېزىدىكى ئۆسمە ۋە ئىششىق، سۈت ئازلاپ كېتىش.




## 43. رۇ جوڭ ru zhong 乳中

**ئورنى:** ئىككى ئەمچەك تۈگمىسىنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسى بولۇپ، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** بەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 5 فىنڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** سۈت بېزى ئۆسۈپ قېلىش، يۈرەك ساھاسى يېقىمسىزلىنىش، سۈت بېزىدىكى ئىششىق، قوۋۇرغا ئارلىق نېرۋا ئاغرىقى، بەلۋاغ سىمان قوتاق.

天池穴（tianchi）



## 44. تيەن چى 天池 tian chi

ئورنى: ئىككى ئەمچەك تۈگمىسىدىن سىرتقى 1 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇن بولۇپ، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھالىتى قىلىپ) 5 فۇڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قولتۇق لىمفا تۈگۈنچىلىرىنىڭ ئىششىقى، سۈت بېزى ئۇسۇپ قېلىش، سۈت چىقماسلىق، مېڭە تىقىلمىسى، بەلۋاغ سىمان قوتاق.




## 45. رۇ گېن 乳根 ru gen

ئورنى: ئىككى ئەمچەك تۈگمىسىنىڭ تىك ئاستىغا سىزىلغان سىزىق بىلەن 5- قوۋۇرغا ئارىلىقى كېسىشكەن ئورۇن بولۇپ، ياكى ئىككى ئەمچەك تۈگمىسىدىن تىك ئاستىدىكى 1 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇن، ياكى中庭 پەللىنىڭ ئىككى يان تەرەپ 4 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھالىتى قىلىپ) 5 فۇڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۆپكە تىقىلمىسى، سۈت بېزى يەللىنىش، سۈت بېزىدىكى ئىششىق، سۈت ئازلىق، قوۋۇرغا ئارىلىق نېرۋا ئاغرىقى، يۆتەل، مۈرە ئاغرىش، بەلۋاغ سىمان قوتاق.




## 46. يۈن مېن 云门 yun men

**ئورنى:** ئوقۇۋۇرەك سوڭەك سىرتقى تەرەپ ئۈچچى قىسمىنىڭ ئاستىدىكى ئويماندا يەنى تۆش سۆڭەك ئالدى ئوتتۇرا سىزىقىدىن ئىككى يان تەرەپكە 6 سوك كېلىدىغان ئورۇندا ياكى ،中府 پەللىنىڭ 1 سوك تىك ئۈستىدىكى ئورۇن، ئوڭ ـ سولدا بىرجۈپ

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گىرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سوڭگىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۆتەل، دەم سىقىلىش، كۆكرەك ئاغرىش، مۈرە تاغاق قىسىملارنىڭ ئاغرىقى، كۆكرەك ساھەسىدىكى يىقىمسىزلىنىش، ئاڭقىنا، بەل قىسىم كۆيۈشۈپ ئاغرىش، ھەرخىل يۈرەك كېسەللىكلىرى، سۈت بېزىدىكى ئىششىق ۋە ئۈسۈش، بەلۋاغ سىمان قوقاق.




## 47. جوڭ فۇ zhong fu 中府.

**ئورنى:** 1ـ قوۋۇرغا ئارلىقى، تۆش سۆڭەك ئالدى ئوتتۇرا سىزىقىدىن ئىككى يان تەرەپكە 6 سوك كېلىدىغان ئورۇن ياكى 云门 پەللىدىن 1 سوك ئاستىدا بولۇپ، ئوڭ – سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گىرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭ چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئۆپكە تىقىلمىسى، سۈت بېزى يىگىلەش، سۈت بېزىدىكى ئىششىق، سۈت ئازلىق، قوۋۇرغا ئارلىق نېرۋا ئاغرىقى، يۆتەل، مۈرە ئاغرىش، بەلۋاغ سىمان قوقاق.




## 48. جوڭ تىڭ zhong ting 中庭.

**ئورنى:** 膻中 پەللىدىن بىر يېرىم سوك (1.5 寸) يەنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن ئوتتۇرا بارماق كەڭلىك ئاستىدىكى ئورۇندا. تۆش سۆڭەك تېنى بىلەن خەنجەر سىمان ئۆسۈكچىنىڭ تۇتاشقان ئورنىدا.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يىڭنىنىڭ ئۇچچىنى يۇقىرىدىن تۆۋەن تەرەپكە ياتقۇز ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 45 گىرادۇسلۇق بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 سوڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئشلتلدىغان كەسەللىكلەر:** كۆكرەك ساھەسى چىڭقىلىش، يۈرەك ئاغرىش، ھېق تۇتۇش، قۇسۇش، تاماق يۇتالماسلىق، كىچىك بالىلاردىكى سۈت ياندۇرۇش، قىزىل ئۆڭگەچ تارىيىش، ئۆپكە تىقىلمىسى.

## 3ـ قورساق قىسمىدىكى ئاساسلىق پەللىلەر:




### 49. جيۇ ۋېي jiu wei ·鸠尾

**ئورنى:** تۆش سۆڭىكى خەنجەرسىمان ئۆسۈكچە ئاستىغا 5 فۇڭ كېلىدىغان ئورۇن، ياكى كىندىكتىن تىك يۇقىرىغا 7 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يىڭنىنىڭ ئۇچچىنى يۇقىرىدىن تۆۋەن تەرەپكە تىرە بويلىتىپ(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 15 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 0.5 ـ 1 سۇڭقىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئشلتلدىغان كەسەللىكلەر:** كۆكرەك ئاغرىش، يۈرەك ئاغرىش، تۇتقاقلىق كېسەل، ئېلىشىپ قېلىش، يۈرەك سېلىش، بۇتۇلۇش، نەپەس قىستاش، ھېق تۇتۇش، قۇسۇش، ئاچچىقسۇ يېنىش، ئاشقازان ئاغرىش، ئۆپكە ئىچكى بېسى ئېشىپ كېتىش.




### 50. جۇ چۆي ju que ·巨阙

**ئورنى:** 鸠尾 پەللىدىن 1 سۇڭ ئاستىدىكى ئورۇندا، ياكى كىندىكتىن تىك يۇقىرىغا 6 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يىڭنىنىڭ ئۇچچىنى يۇقىرىدىن تۆۋەن تەرەپكە يانتۇ ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سۇڭقىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئشلتلدىغان كەسەللىكلەر:** كۆكرەك ئاغرىش، يۈرەك ئاغرىش، تۇتقاقلىق كېسەل، ئېلىشىپ قېلىش، يۈرەك سېلىش، نەپەس قىستاش، قۇسۇش، ئاچچىقسۇ يېنىش، قورساق كۆپۈش، دىيافراگما ۋە قورساق تۈز مۇسكۇلى

سپازمىلىش، ئاشقازان ئاغرىش.




### 51. شاڭ ۋەن shangwan 上脘.

**ئورنى:** 巨阙 بەللىدىن 1 سوڭ ئاستىدىكى ئورۇندا، ياكى كىندىكتىن تىك يۇقىرىغا 5 سوڭ كېلىدىغان ئورۇندا.

**سانجىش يۇلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يېڭىنىڭ ئۇچچىنى يۇقىرىدىن تۆۋەن تەرەپكە يانتۇ ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 5 فۇڭدىن 1 سوڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** ئاشقازان ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، قۇسۇش، ئاچچىقسۇ يېنىش، ھەزىم ناچارلىق، سېرىقلىق چۈشۈش، ئىچى سۈرۈش، ئاشقازان قاناپ قۇسۇش، بەلغەم كۆپ بولۇپ قۇسۇش، تۇتقاقلىق كېسەل.




### 52. جوڭ ۋەن zhong wan 中脘.

**ئورنى:** 上脘 بەللىدىن 1 سوڭ ئاستىدىكى ئورۇندا، ياكى كىندىكتىن تىك يۇقىرىغا 4 سوڭ كېلىدىغان ئورۇندا.

**سانجىش يۇلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** بەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 سوڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** ئاشقازان ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، قۇسۇش، زەدىسى قايناش، ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىشىشى، ئىچى سۈرۈش، تولغاق، سېرىقلىق چۈشۈش، زىققا، ئىچى تىتلداش، يۇقىرى قان بېسىم، سارائىلىق، نېرۋا ئاجىزلىق، تۇتقاقلىق كېسەل، ئۆپكە سىلىدىن بولغان قان تۈكۈرۈش، كىچىك بالىلاردىكى ئۈزۈۋقلىنىشنىڭ ياخشى بولماسلىقى، قەۋزىيەت.



## .53 جيەن لى jian li 建里·

ئورنى: 中脘 يەللىــــدىن 1 سوڭ ئاستىدىكى ئورۇندا، ياكى كىندىكتىن تىك يۇقىرىغا 3 سوڭ كېلىدىغان ئورۇندا.
سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى: يەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 سۇڭقچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئاشقازان ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، قۇسۇش، تاماق سىڭمەسلىك، ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىشىشى، قورساق سۇلۇق ئىششىقى، ئۈچەي قىسمىنىڭ قاتتىق ئاغرىشلىرى، قورساق تۈز مۇسكۇللىرىنىڭ سىيازمىسى.



## .54 شى گۇەن shi guan 石关·

ئورنى: 建里 يەللىــــدىن ئىككى يان تەرىپىدىكى 5 فۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا بولۇپ ، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.
سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى: يەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 سۇڭقچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.
ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قۇسۇش، ئاشقازان ئاغرىش، قورساق ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، قەبزىيەت، ھامىلدار بولالماسلىق، ھېق تۇتۇش، شۆلگەي ئېقىش، سوزنەك، بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسى قېلىنلاش، بالىياتقۇ سپازمىلىنىش.




## 55. شيا ۋەن xia wan 下脘·

ئورنى: 建里 بەلــــدىن 1 سوڭ ئاستىدىكى ئورۇندا، ياكى كىندىكتىن تىك يۇقىرىغا 2 سوڭ كېلىدىغان ئورۇندا.
**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 ئۆڭگىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.
**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** قورساق ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، قورساق كوكىراش، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇش، زەدىسى قايناش، ھەزىم قىلىشىش ناچارلىشىشى، تاماق سىڭمەسلىك، ئىشتىھاسىزلىق، ئىچى سۈرۈش، زىيادە ئورۇقلاش، قانلىق سىيدۈك.




## 56. شۈي فېن shui fen 水分·

ئورنى: 下脘 بەلــــدىن 1 سوڭ ئاستىدىكى ئورۇندا، ياكى كىندىكتىن تىك يۇقىرىغا 1 سوڭ كېلىدىغان ئورۇندا.
**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 ئۆڭگىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.
**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** قورساق ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، قورساق كوكىراش، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇش، زەدىسى قايناش، ئىچى سۈرۈش، قورساق سۇلۇق ئىششىقىدىن بولغان قورساق چىڭقىلىش، كىچىك تەرەت راۋان بولماسلىق، قورساق تۈز مۇسكۇلى سپازمىلىنىش، مەقەت ئاغرىق ، ئىشتىھاسىزلىق، بەل مۇسكۇلىنىڭ سپازمىلىنىشى.




## .57 شېن چۆي shen que 神阙

ئورنى: كىندىك ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانلىقتا.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** بۇ پەللە ئورنىغا يىڭنە سانجىشقا بولمايدۇ، كېلىنىكىدا بۇ پەللە ئورنىغا ئەمەندە ئىسسىق ئۈتكۈزۈپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قورساق ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، قورساق گوكۇراش، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇش، ئىچى سۈرۈپ توختىماسلىق، كىچىك تەرەتنى تۇتالماسلىق، قورساق سۇلۇق ئىششىقدىن بولغان قورساق چىڭقىلىش، مەقەت چىقۇقى، پەتەق، تۇت مۇجە تۇتۇلاش، تۇتقاقلىق. كېسەلدىكى ئارقىغا تارتىشىپ قىلىش، كۆپ تەرلەش.







## .58 تيەن شۇ tian shu 天枢

ئورنى: كىندىكنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىكى 2 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا بولۇپ ، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90° گرادۇسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 فۇڭقىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: كىندىك ئەتراپى ئاغرىش، قورساق كۆپۈپ ئۈچەي غورۇلداش، ئىچى سۈرۈپ توختىماسلىق، قان تولغاق، قەبزىيەت، قۇسۇش، سېرىقلىق چۈشۈش، قورساق سۇلۇق ئىششىقى، ھەيز نورمالسىزلىق، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، بالياتقۇ ئىچكى پەردىسى قىبىلىلاش، ئۈچەي تۇسۇلۇش، ئۈچەي چاپلىشىپ قېلىش، ئۈچەي يۆلىنىشىكى مەددە قۇرۇت، سۈيدۈك يولىنىڭ يۇقۇملىنىشى





## .59 يىن جاۋ yin jiao 阴交.

ئورنى: كىندىكتىن تىك ئاستىغا 1 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: يەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 فۇڭچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: تۇغۇتتىن كېيىنكى شوك، قورساق ئاغرىش، قورساق سۇلۇق ئىششىقى، ھېيز نورمالسىزلىق، ئاق خۇن كۆپكىلىش، بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسى قېلىنلاش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، تۇغۇتتىن كېيىنكى قان توختىماسلىق، جىنسى ئەزا قىچىشىش، كىچىك تەرەت كەلمەسلىك، يەللىك چىقىق، ئورۇقدان ئاغرىقى، روھىي كېسەللىك ۋە سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېما كېسەللىكلىرىگە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.







## .60 چى خەي qi hai 气海.

ئورنى: كىندىكتىن تىك ئاستىغا 1.5 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا، يەنى 阴交 يەللىدىن 0.5 فۇڭ ئاستىدا.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: يەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 فۇڭچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: قورساق ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، ئىچى سۈرۈش، ھەيز نورمالسىزلىق، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ھېيز ئاغرىتىپ كېلىش، ھېيز تۇتۇلۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، تۇغۇتتىن كېيىنكى قان توختىماسلىق، بالا ھەمرىيى چۈشمەسلىك، ئەرلەر دىكى جىنسى ئاجىزلىق، تۆت مۇچە كۈچسىزلىك، نېۋروز پارالىچى، سۈيدۈك تۇتالماسلىق، ھەرخىل جىنسى ئەزا كېسەللىكلىرىگە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

57



## 61. شى مېن shi men 石门

**ئورنى:** كىندىكتىن تىك ئاستىغا 2 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا، يەنى 气海 پەللىدىن 0.5 سۇڭ ئاستىدا.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** قورساق ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، ئىچى سۈرۈش، قورساقتا سوجۇشۇش، كىچىك تەرەت راۋان بولماسلىق، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ئادەتنىڭ كۆپ بولۇشى، تۇغۇتتىن كېيىنكى قان توختىماسلىق، يەللىك چىقىق، ئۈچەي چاۋسىنىڭ پالەچلىنىشى، داس بوشلۇقى ياللۇغى،ھەرخىل جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرىگە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.





## 62. گۇەن يۈەن guan yuan 关元

**ئورنى:** كىندىكتىن تىك ئاستىغا 3 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا، يەنى 石门 پەللىدىن 1 سۇڭ ئاستىدا.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** بەدەن ئاجىزلاپ ماغدۇرسىزلىنىش، تۆۋەنكى قورساق قىسىم ئاغرىش، مەقئەت چىقىقى، يەللىك چىقىق، قانلىق تەرەت، ئىچى سۈرۈش، سۈيدۈك قېتىمى كۆپىيىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئەرلىك ئاجىزلاش، ئېرما بالدۇر كېتىش، سۆزنەك، ئاقسىللىق سۈيدۈك، بالىياتقۇ بوشىشىپ كېتىش، ھەيز نورمالسىزلىق، ھەيز تۇتۇلۇش، ئاغرىتىپ ھەيز كېلىش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ئادەتنىڭ كۆپ بولۇشى، تۇغۇتتىن كېيىنكى قان توختىماسلىق، بالا ھەمرىيى چۈشمەسلىك، داس بوشلۇقى ياللۇغى، ئورۇق بېقىش ۋە بالىرىنىڭ ئەگرى — بوگرى كۆپىيىشى، ھەرخىل جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرىگە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.





## 63. ۋېي داۋ wei dao 维道.

ئۆرنى: 关元 پەللىدىن ئىككى يان تەرەپتىكى 6 سوڭ كېلىدىغان ئورۇندا بولۇپ، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 ئىنچىكە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** بالىياتقۇچۈشۈش، بالىياتقۇدىكى خالتىلىق ئىششىق، بالىياتقۇ بويۇندىكى زەدە، بەل ئاغرىقى ۋە ئاق خۇن كۆپ كېلىش.





## 64. جوڭ جى zhong ji 中极.

ئۆرنى: كىندىكتىن تىك ئاستىغا 4 سوڭ كېلىدىغان ئورۇندا، يەنى 关元 پەللىدىن 1 سوڭ ئاستىدا ياكى نومۇس سۆڭىكى بىرلەشمىدىن 1 سوڭ ئۈستىدىكى ئورۇن.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 سۇنىڭچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** سۆزنەك، سۈيدۈك تامچىلاش، دوۋسۇن ياللۇغلىنىش، تۇغماسلىق، تۇغۇتتىن كېيىنكى قان توختىماسلىق، كىچىك تەرەت راۋان بولماسلىق، ئەرلىك ئاجىزلىق، جىنسىي ئەزا يىگىلەش، ئىسپېرما بالدۇر كېتىش، ھەيز نورماسىزلىق، ھەيز توختاپ قېلىش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، جىنسىي يول ئاغرىش، جىنسىي ئەزا قىچىشىش، جىنسىي ھاياتنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئاغرىتىپ ھەيز كېلىش، بالاھەمرىيى چۈشمەسلىك، سوزۇق ئىششىق(قورساق ۋە داس بوشلۇقىدىكى سوزۇق ئىششىق).




## 65. چۇ گۇ qu gu 曲骨

**ئورنى:** كىندىكتىن تىك ئاستىغا 5 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا، يەنى 中极 پەللىدىن 1 سۇڭ ئاستىدا ياكى نومۇس سۆڭىكى بىرلەشمىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئويمان ئورۇندا.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** جىنسىي ئاجىزلىق، ئىسپرما بالدۇر كېتىش، سۈزەنەك، سىيەلمەسلىك، ئورۇقدان سوغۇق تەرلەپ قېچىشىش، جىنسىي ئەزادىكى قىچىشىش، بالياتقۇ ئىچكى پەردىسى قىبلىنلاش، بالياتقۇ بويىنى زەدىسى، تۇغۇتتىن كېيىنكى بالياتقۇنىڭ قىسقىرىشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، دوۋسۇن پالەچلىنىش، تۇۋەنكى قورساقنىڭ ئۇتكۇر كۆپۈپ ئاغرىشى، سۈيدۈك تامچىلاش، پەتەق، مەنىي ئېقىپ قېلىش، جىنسىي ئەزالاردىكى يىگىلەش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ھەيز نورمالسىزلىق، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، ئورۇق بىغىش ۋىنالىرىنىڭ ئەگرى — بۈگرى كۆپۈۋېلىشى.




## 66. چوڭ مېن chong men 冲门

**ئورنى:** 曲骨 پەللىدىن ئىككى يان تەرەپتىكى 4 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا بولۇپ ، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** قورساق ئاغرىش، چۇقۇق(پەتەق)، ھېيز خۇنىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، سۈزەنەك ، ئىسپرما چىقىرىش يوللىرىدىكى ھەرخىل ئاغرىقلار، بالياتقۇ ئىچكى پەردىسى سىپازملىنىش، سىيىت يېرى ئۇسۇپ قېلىش ۋە سىيىت يېرىدىكى ئىششىق، ھەرخىل جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرىگە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.




### .67 خۇي يىن  会阴 hui yin

ئورنى: ئەرلەرنىڭ زەكىرى بىلەن مەقەتنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا، ئاياللارنىڭ ئوڭ — سول چوڭ جىنسىي لەۋنىڭ ئارقا قىسىم تۇتاشقان جايىدىكى ئورۇندا

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: بەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 — 0.5 سۇڭەكچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ئەرلەردىكى ئورۇقدانىنىڭ كۆپ تەرلىشى، ئاياللاردىكى جىنسىي يولدىكى ئاغرىش، قىچىشىش، قورغاقلىشىش ۋە ھۆللۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشى، سۆزنەك، ئۆتكۈر سۈيدۈك يولى سىيازمىلىنىشتىن بولغان سىيەلمەسلىك، بوۋاسىر، قەۋزىيەت، ھەيز نورمالسىزلىق، مەقەت چىقىش، جىنسىي ھەۋەسنىڭ تۆۋەن بولۇشى، سۈيدۈك تامچىلاش، مەنىي ئېقىش، ھەيز توختۇلۇش، ھوشسىزلىنىش، ساراڭلىق.

## 4- مۈرە ۋە يۇقارقى مۈچە قىسمىدىكى ئاساسلىق پەللەر:




### .68 جيەن يۈ  肩髃 jian yu

ئورنى: قولنى يۇقىرى ئالدى تەرەپكە كۆتۈرگەندە مۈرە بوغۇمىنىڭ ئۈستى ئىچى تەرىپىدە پەيدا بولغان ئويمانىدا بولۇپ ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: قولنى يۇقىرى ئالدى تەرەپكە كۆتۈرگۈزۈپ بەللە ئورنىنى بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، قولنى چۈشۈرگۈزۈپ، بەللە ئورنىغا يىڭنىنىڭ ئۇچىنى يۇقىرىدىن تۆۋەن تەرەپكە يانتۇ ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇسلۇق بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 — 1.5 سۇڭەكچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مۈرە بوغۇمى پالەچلىنىش، مۈرە ۋە بىلەكنىڭ سىقىراپ ئاغرىشى، بىلەك قىسمىنىڭ

پالەچلىنىشى، يېرىم پالەچ، مۈرە قىسمىنىڭ قىزىشىپ كېتىشى.



图8-6-7 臂臑穴

## 69. بى ناۋ bi nao 臂臑·

ئورنى: يۇقارقى بىلەكنى ئوز تۈۋىگە ساڭگىلىتىپ تۇتقاندىكى 肩髃 پەللىدىن تىك تۆۋەندىكى 4 سۇڭ كېلىدىغان جايدا، يەنى ئۈچ باشلىق مۇسكۇلنىڭ تۆۋەنكى ئۇچچى ئاخىرلاشقان جايدا، ياكى چۈچى پەللىدىن 7سۇڭ يۇقۇرىغا، بولۇپ ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى: قولنى تۆۋەنگە تىك ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ، پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 —1.5 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مۈرە ۋە بىلەك قىسمىنىڭ ئاغرىشى. مۈرە بوغۇمى پالەچلىنىش، قوۋۇزغا ئارىلىق نېرۋا ئاغرىقى، بويۇن گەجگە قىسمىنىڭ قېتىشىپ قېلىشى.



## 70. چۈ چى qu chi 曲池·

ئورنى: جەينەكنى ئەگكەن ۋاقىتتىكى جەينەك ئويمىندا پەيدا بولغان تاجىسمان سىزىقنىڭ سىرتقى ئۇچىدا، يەنى جەينەكنى ئەگكەن ۋاقىتتىكى جەينەك قىسمىدا پەيدا بولغان گۈمبەز ئورنىدا، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى: جەينەكنى ئەگكۈزۈپ تۇرۇپ تۇرغۇزۇپ، پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 — 1.5 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: ھەرخىل تېرىسىنىڭ كېسەللىكلىرى، بۆكام، كېزىك، تۇتۇقسىز چىقىشىپ ئاغرىش، ئىچى تېتىلداش، يوتقۇنچاق كېكىردەك قىسمىنىڭ ئاغرىقى ۋە ئىششىقى، چىش ئاغرىقى، قورساق ئاغرىش، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش، تولغاق، چىقان، غەلۋىرەك، ھەرخىل تېرە ئەسۋىسى، سىلىس، يەل تاشما، ھەيز نورماللىسىزلىق، يۇقۇرى قان

بسم، ئىلىشىپ قېلىش، توڭۇپ تىترەش، قول بىلەكنىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىشى، يۇقارقى مۇچە ھەرىكىتى راۋان بولماسلىق، قول جەينەك قىسمىنىڭ كۆچىزلىنىشى، مېڭگە قان چۈشۈش، ھوشسىزلىق، بوقاق، يىرىم تەن پالەچلىنىش.




## 71. شوۋ ۋۇ لى shou wu li 手五里.

ئورنى: قولنى تۈزۈنگە تۈز سانگىلىتىپ تۇرغاندىكى 曲池 بىلەن 肩髃 تۇتاشتۇرغۇچى سىزىقنىڭ ئۈستىدىكى 曲池 پەللىسىدىن يۇقۇرغا 3 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا بولۇپ، ئوڭ – سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يۇقارقى بىلەكنى تۈزۈنگە سانگىلىتىپ تۇرغۇزۇپ، پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادوسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1 – 1.5 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** يۆتىلىش، قان قۇسۇش، سېرىقلىق چۈشۈش، بەزگەك، جەينەك ۋە بىلەك قىسمىنىڭ پالەچلىنىشى، يىرىم بەدەن پالەچلىنىش.




## 72. جوۋ جيەن zhou jian 肘髎.

ئورنى: جەينەكنى ئەگكەندىكى جەينەك سىرتقى يېنىدا پەيدا بولغان 曲池 پەللىسىنىڭ ئازىراق كەينى يۇقۇرى تەرىپىدىكى 1 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندا بولۇپ، ئوڭ – سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يۇقارقى بىلەكنى تۈزۈنگە سانگىلىتىپ تۇرغۇزۇپ، پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادوسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ) 0.5 – 0.8 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** مۈرە بىلەك قىسمىنىڭ ئاغرىشى، چىمچىلاق بارماق ۋە ئاسىي بارماقنىڭ يىغىلىپ قېلىشى ۋە تۈزۈنكى بىلەك قىسمىنىڭ ئۇيۇشۇشى، ماغدۇرسىزلىق.




## 73. شوۇ سەن لى 手三里 shou san li

ئورنى: جەينەكنى ئەگكەن ۋاقىتتىكى 曲池 پەللىدىن 2 سۇڭ ئاستىدىكى ئورۇندا بولۇپ، بولۇپ، ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 0.5 ـ 1 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** چىش ئاغرىش، ئاۋازى پۈتۈش ۋە يوقۇلۇش، يۇتقۇنچاق ئىششىش، يۈز نېرۋا پالەچى، يېرىم تەن پالەچى، قورساق كۆپۈش، قۇسۇش ۋە ئىچى سۈرۈش، يۇقارقى بىلەك ئۇيۇشۇپ ئاغرىش، جەينەك يەغلۇۋېلىپ رۇسلىغىلى بولماسلىق، يۇقارقى مۇچە ھەرىكىتى راۋان بولماسلىق، كۆكرەك بېزى سىيازلىنىش.




图 8-6-5 偏历、温溜穴等

## 74. شاڭ ليەن 上廉 shang lian

ئورنى: جەينەكنى ئەگكەن ۋاقىتتىكى سىرتقى تەرەپ 曲池 پەللىدىن 3 سۇڭ ئاستىدىكى ئورۇندا بولۇپ، بولۇپ، يەنى 手三里 پەللىدىن 1 سۇڭ تۈز ئاستىدىكى ئورۇندا ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 0.5 ـ 1 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** باش ئاغرىش، قورساق ئاغرىش، ئۈچەي غولدۇرلاش، ئىچى سۈرۈش، يۇقارقى مۇچە ھەرىكىتى راۋان بولماسلىق، مۈرە ۋە يۇقارقى بىلەك قىسمىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشى ۋە ئۇيۇشۇشى، دوۋسۇن پالەچى، سوزنەك، يېرىم تەن پالەچى، ئۈچەي غولدۇرلاش، ئۈتكۈر ھوشىدىن كېتىش.




图8-6-5 偏历、温溜穴等

## 下廉 xia lian شيا ليەن .75

**ئورنى:** جەينەكنى ئەگكەن ۋاقىتتىكى سىرتقى تەرەپ 曲池 پەللىدىن 4 سۇڭ ئاستىدىكى ئورۇندا بولۇپ، بولۇپ، يەنى 上廉 پەللىدىن 1 سۇڭ تۈز ئاستىدىكى ئورۇندا ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 0.5- 1 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** باش قېيىش، باش شالدىراش، كۆز ئاغرىش، قورساق ئاغرىش، تاماق سىڭمەسلىك، سۈت بېزى يىرىڭلىق ئىششىقى، جەينەك بىلەك ئاغرىش، يۇقارقى مۈچە ئۇيۇشۇپ چىڭقىلىپ ئاغرىش، دوۋسۇن پارالىچى، قانلىق سىيدۈك، قورساق تۆۋەنكى قىسمى سانجىلىنىش، قورساق غورۇلداش، يۈرەك ئالدى رايون ئاغرىش، ئۆپكە تۇبېركۇليوز.




图8-6-5 偏历、温溜穴等

## 温溜 wen liu ۋېن ليۇ .76

**ئورنى:** 下廉 پەللىدىن 3 سۇڭ تۈز ئاستىدىكى ئورۇندا، يەنى بېغىش بوغۇمىنى ئەگكەندە پەيدا بولغان كۆندىلەڭ توغرا سىزىقنىڭ سىرتقى تەرەپ 5 سۇڭ يۇقۇرىدىكى ئورۇندا. ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 0.5- 0.8 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** باش ئاغرىش، يۈز قىسمى ئىششىش، بۇرۇن قاناش، تىل ۋە ئېغىزنىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىشى، بوتقۇنچاق كېكىردەكنىڭ ئىششىپ ئاغرىشى، ئۈچەي غورۇلداش، ئىچى سۈرۈش، ئېلىشىپ قېلىش، قۇسۇش، مۈرە ئۈچىسى قىسمىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشى، بېغىش بىلەك قىسمىنىڭ ئاغرىشى، يۇقارقى مۈچە ھەرىكىتى راۋان بولماسلىق.




图 8-6-5 偏历、温溜穴等

## 77. پيەن لى 偏历 pian li

**ئورنى:** 温溜 يەللـــدىن 2 سۇڭ تۆز ئاستىدىكى ئورۇندا، يەنى بىغش بوغۇمىنى ئەگكەندە پەيدا بولغان كۆندىلەڭ توغرا سىزىقنىڭ سىرتقى تەرەپ 3 سۇڭ يۇقۇردىكى ئورۇندا. ئوڭ — سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يەللە ئورنىغا ئاستىدىن ئۈستىگە قارىتىپ يانتۇ ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇسلۇق تىك بولۇق ھاسىل قىلىپ) 0.3ـ 0.5 سوڭقىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** بۇرۇن قاناش، كۆز ئالغايلىق، قۇلاق غوڭۇلداش، گاسلىق، يۈز نېرۋا پارالىچى، كېكىردەك ياللۇغلىنىش، تۇتقاقلىق كېسەل، سۇلۇق ئىششىق، مۇرە، بىلەك، جەينەك، بىغش قىسىملىرىنىڭ ئاغرىقلىرى، چىش ئاغرىش، مۇرە بوغۇمىنىڭ تۆۋەندىكى بوغۇملارنىڭ ياللۇغلىنىشى، ئانگىنا.




## 78. ياڭ شى 阳溪 yang xi

**ئورنى:** قول بىغش بوغۇم دۈمبە كۆندىلەڭ توغرا سىزىق ئۈستىدىكى سىرتقى تەرەپتىكى يىقىن بولغان ئورۇندىكى ئويماندا بولۇپ ئوڭ ـ سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇق ھاسىل قىلىپ) 0.3ـ 0.5 سوڭقىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** باش ئاغرىش، قۇلاق غوڭۇلداش، گاسلىق، ئانگىنا، چىش ئاغرىش، يېرىم تەن پارالىچى، ئاياللاردا ھەيز كېلىشنىڭ نورماللىسىزلىقى، باللاردىكى ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشى، بىلەيزۈك بوغۇم ئاغرىشى، قول تىترەش.




## 合谷 he gu خې گۇ .79

ئورنى: قول دۈمبە قىسىم بىرىنچى ئىككىنچى ئالقان سۆڭەك ئوتتۇرسىدىكى ئويمان ئورۇندا. يەنى ئىككىنچى ئالقان سۆڭەك سىرتقى تەرەپ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئويمان ئورۇندا بولۇپ ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گىرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 0.5- 1 سۇڭقىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** باش ئاغرىش، باش قېيىش، كۆز ئالغايلىق، كۆز ئاغرىش، بۇرۇنغا مۇنچاق گۆش ئۆسۈپ قېلىش، بۇرۇن قاناش، قۇلاق غوڭۇلداش، چىش ئاغرىش، يۈز ئىششىش، گورەنبەز ياللۇغى، يۇتقۇنچاق كېكىردەك ئىششىپ ئاغرىش، ئاۋاز يوقۇلۇش، چىشى كىرىشىپ قېلىپ ئاچالماسلىق، يۈز نېرۋا پالەچى، يۇقارقى بىلەك ئاغرىش، يۇقارقى مۈچە ھەرىكىتى راۋان بولماسلىق، بارماقلار سىيازلىنىش، قول بارماقلىرى ئېگىلىۋېلىپ رۇسلىغىلى بولماسلىق، يۆتۈلۈش، قىزىپ توڭلاپ تىترەش، تەرلىمەسلىك، كۆپ تەرلەش، بەزگەك، تېرىلەرگە ئەسۋە چىقىش، دانىخورەك، ھەيز توختۇلۇش، ئاق خون كۆپ كېلىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، ئاشقازان قورساق ئاغرىش، تولغاق، كىچىك بالىلاردىكى تارتىشىپ قېلىش، يۇقۇرى قان بېسىم، ئالقان كۆپ تەرلەش، قول تىترەش.




## 商阳 shang yang شاڭ ياڭ .80

ئورنى: كۆرسەتكۈچ بارماق تىرنىقىنىڭ سىرتقى تەرەپ 0.1 سۇڭ بولغان ئورۇندا بولۇپ، ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا ئاستىدىن ئۈستىگە(يەنى بارماق ئۇچى تەرەپتىن بارماق تۈۋى تەرەپكە) قارىتىپ يانتۇ ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 45 گىرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 0.2-

0.3 سوڭفچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ..

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: مېڭىگە قان چۈشۈش، ئۆتكۈر ھوشىدىن كېتىش، يۈز نېرۋا پالەچى، ئانگىنا، ئېغىز ئىچكى بوشلۇقى سىيازلىنىش، چىش ئاغرىش، قولاق غوڭۇلداش، گاسلىق، كۆز كېسەللىكلىرى، قىزىتما.




## 81. جوڭ چوڭ 中冲 zhong chong

ئورنى: ئوتتۇرا بارماق ئۇچى ئوتتۇرا قىسمىدا، ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** بارماق ئۇچىدىن بارماق تۈۋىگە قارىتىپ يەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 0.1ـ 0.2 سوڭفچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ. ياكى يەللە ئورنىدىن نەشتەر ئارقىلىق سانجىپ قان چىقىرىش ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** ھوشسىزلىنىش، يۈرەك سانجىقى، شوك، باش ئاغرىش، قولاق غوڭۇلداش، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىش، كىچىك باللارنىڭ كېچىسى چۆچۈپ تولا يىغلىشى، مېڭىگە قان چۈشۈش، ئالقان قىزىش، يۇقىرى قىزىتما، جىددىي قۇتقۇزۇشتا ئەڭ مۇھىم يەللە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.




## 82. لاۋ گوڭ 劳宫 lao gong

ئورنى: ئالقان ئوتتۇرا كۆندىلەڭ سىزىقى ئۈستىدىكى ئىككىنچى -ئۈچىنچى ئالقان سۆڭەك ئارىسىدىكى ئارىلىقتا. يەنى مۇشتى تۈگكەن ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا بارماق ئۇچى تەگكەن ئورۇندا.قىسمىدا، ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 0.3ـ 0.5 سوڭفچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: شامالداش، ھوشسىزلىنىش، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ قۇسۇش، ئېلىشىپ قېلىش، ئېغىز يارىسى، ئېغىز پۇراش، يۇتۇشنىڭ قىيىنلىشى، ئىشتىھاسىزلىق، ئېغىز بوشلۇقى سىيازلىنىش، بورۇن قاناش، ئاياللاردىكى چىش مىلىكىنىڭ سىيازلىنىشى، يۇقارقى مۇچە سىزسىلىرىنىڭ يوقۇلۇشى ۋە ئاجىزلىشى، يۈرەك سانجىقى، مېڭىگە قان چۈشۈش، قول تىترەش، ئالقان كۆپ تەرلەش، ھېستېرىيە كېسەللىكى.




## 83. دا لىڭ 大陵 da ling

ئورنى: قول ئالقان تەرەپ بېغىش بوغۇم كۆندىلەڭ توغرا سىزىقى ئۈستىدىكى ئويمانىدا، يەنى يان بىلەن سۆڭەك بىلەن ئىچكى بىلەك سۆڭەك ئارىسىدىكى ئويمان ئورۇندا بولۇپ، ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 0.5ـ 0.8 سۇڭقەچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈرەك ئاغرىش، يۈرەك قوزغىلىش، ئاشقازان ئاغرىش، قۇسۇش، ئېلىشىپ قېلىش، ساراڭلىق، كۆكرەك ئاغرىش، كېكىردەك پالەچلىنىش، كۆلگۈنچەكلىك، ئاسان قورقۇش، بېغىش بوغۇم ئاغرىقى، قولتۇق لىمفا تۈگۈنچىلىرىنىڭ سىيارلىنىشى، ئاڭغا، باش ئاغرىش، قىزىتما، ئاشقازان قاناش، ئۇخلىيالماسلىق، باللاردىكى قىزىل.




## 84. نېي گۇەن 内关 nei guan

ئورنى: قول ئالقان تەرەپ بېغىش بوغۇم كۆندىلەڭ توغرا سىزىقى ئۈستىدىكى 2 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندىكى ئويمانىدا،يەنى ئالقان ئۇزۇن مۇسكۇل پېيى بىلەن يان بىلەك سۆڭەك بېغىشىنى ئەگكۈچى مۇسكۇل پېيى ئارىسىدىكى ئويمان ئورۇندا بولۇپ ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1ـ 1.5 سۇڭقەچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈرەك سانجىقى، يۈرەك سېلىشىنىڭ تېزلىشىپ كېتىشى، يۇقۇرى قان بېسىم، ھېستېرىيە، ئېلىشىپ قېلىش، كۆكرەك ئاغرىش، ھېق تۇتۇش، قۇسۇش، يۇقۇرقى قورساق قىسمىنىڭ ئاغرىشى، تۇغۇتتىن كېيىنكى ئايلىنىپ كېتىش، ھامىلدارلىقتىكى قۇسۇش، ئاشقازان ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق، يېرىم باش ئاغرىش، قىزىتمىلىق

كېسەللىكلەر، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، جەينەك ۋە بىلەك قىسمىنىڭ سىيازلىنىپ ئاغرىشى، بەزگەك.




## 85. جيەن شى 间使 jian shi

ئورنى: قول ئالقان تەرەپ بېغىش بوغۇم كۆندىلەڭ توغرا سىزىقى ئۈستىدىكى 3 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندىكى ئويمانda،يەنى ئالقان ئۇزۇن مۇسكۇل پېيى بىلەن يان بۇلەك سۇڭەك بېغىشنى ئەگكۈچى مۇسكۇل پېيى ئارىسىدىكى ئويمان ئورۇندا بولۇپ، 内关 يەللىسدىن تىك 1 سۇڭ يۇقىرى ئورۇندا، ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يەلكە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 90 گىرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1ـ 1.5 سۇڭچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** يۈرەك ئاغرىش، يۈرەك قوزغۇلۇش، ئاشقازان ئاغرىش، قۇسۇش، قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر، تىنچسىزلىق، بەزگەك، ساراڭلىق، ئېلىشىپ قېلىش، قولتۇق ئىششىش، جەينەك سىيازلىنىپ بىلەك ئاغرىش، كېكىردەك كېسەللىكلىرى، بوتقۇنچاق كېسەللىكى، ئاياللاردا ھەيزنىڭ تەرتىپسىزلىكى، بالىياتقۇغا قان تولۇش، كىچىك بالىلاردىكى تارتىشىپ قېلىش.




## 86. شى مېن 郄门 xi men

ئورنى: قول ئالقان تەرەپ بېغىش بوغۇم كۆندىلەڭ توغرا سىزىقى ئۈستىدىكى 5 سۇڭ كېلىدىغان ئورۇندىكى ئويمانda،يەنى ئالقان ئۇزۇن مۇسكۇل پېيى بىلەن يان بۇلەك سۇڭەك بېغىشنى ئەگكۈچى مۇسكۇل پېيى ئارىسىدىكى ئويمان ئورۇندا بولۇپ، 间使 يەللىسدىن تىك 2 سۇڭ يۇقىرى ئورۇندا، ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** يەلكە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 90 گىرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 1ـ 1.5 سۇڭچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈرەك ئاغرىش، كۆكرەك ئاغرىش، يۈرەك قوزغىلىش، ئاسان قورقۇش، قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، بۇرۇن قاناش، روھى كېسەل.




## 87. چۈزى 曲泽 qu ze

ئورنى: جەينەكنى ئالدى تەرەپكە يېرىم ئەگكەندىكى، جەينەك كۆندىلەڭ توغرا سىزىقىنىڭ ئۈستى، يۇقارقى بىلەك ئىككى باشلىق مۇسكۇلىنىڭ ئىچكى تەرەپ ئويمىندا بولۇپ، يەنى جەينەك كۆندىلەڭ توغرا سىزىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويماندا بولۇپ، ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 1- 1.5 سۇڭگەچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر: يۈرەك ئاغرىش،يۈرەك قوزغىلىش، ئاسان چۆچۈش، يۇقۇرى قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر، ئىچى تىتىلداش، ئاشقازان ئاغرىش، قۇسۇش، جەينەك تولغۇنۇپ كېتىش، جەينەك بىلەك تارتىشىپ ئاغرىش، يۇقارقى مۈچە تىترەش، ھامىلدارلىقتىكى قۇسۇش.



## 88. شاۋ چوڭ 少冲 shao chong

ئورنى: چىنچىلاق بارماق تىرنىقى يان بىلەك سۆڭەك تەرەپ تىرناق تۈۋىدىكى 0.1 سۇڭ كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلۇقى: پەللە ئورنىغا ئاستىدىن ئۈستىگە(يەنى بارماق ئۇچى تەرەپتىن بارماق تۈۋى تەرەپكە) قىيپاش ياتقۇ ھالەتتە(يەنى تىرە يۈزى بىلەن 45 گرادۇسلۇق تىك بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 0.1 سۇڭگەچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ. ياكى پەللە ئورنىدىن نەشتەر ئارقىلىق سانجىپ قان چىقىرىش ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** يۈرەك قوزغۇلۇش، يۈرەك ئاغرىش، كۆكرەك ئاغرىش، ساراڭلىق، يۇقۇرى قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر، ھوشىدىن كېتىش، قول ۋە بىلەكنىڭ سىيازىلىپ ئاغرىشى، قىزىتمىدىن كېيىنكى بەدەن بوشىشىپ كېتىش، كېكىردەك سىيازىلىش.




## 89. شاۋ فۇ shao fu 少府

**ئورنى:** ئالقان ئوتتۇرا كۆندىلەڭ سىزىقى ئۈستىدىكى4- 5- ئالقان سۆڭەك ئارىلىقىدىكى ئارىلىقىنىڭ ئالقان بارماق بوغۇمى تەرىپىدىكى ئويمانىدا يەنى مۇشتى تۈگكەن ۋاقىتتىكى چىمچىلاق بارماق ئۇچى تېگىشكەن ئورۇندا.قىسمىدا، ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 0.3- 0.5 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** يۈرەك قوزغۇلۇش، كۆكرەك ئاغرىش، ئاسان قورقۇپ چۆچۈش، كىچىك تەرەت راۋان بولماسلىق، جىنسىي يول قىچىشىش ۋە ئاغرىش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق ياكى سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئالقان قىزىش، چىمچىلاق بارماق سىيازىلىپ ئاغرىش، ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشى، ئاياللار جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرىگە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.




## 90. شېن مېن shen men 神门

**ئورنى:** تۇۋەنكى بىلەك ئالدى تەرەپ بېغىش بوغۇم كۆندىلەڭ تۇغرا سىزىقىنىڭ ئۈستى ئىچكى تەرەپ، ئىچكى بىلەك بېغىشى يايپىقچى مۇسكۇل پەيىنىڭ سىرتقى قىرىدىكى ئويمانىدا ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆنىلىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇش ھاسىل قىلىپ) 0.3- 0.5 سۇڭغىچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر:** يۈرەك ئاغرىش، ئىچى سىقىلىش، ئۇنتۇغاقلىق، ئۇيقۇسىزلىق، قورقۇنچاقلىق، يىغلاڭغۇلۇق، ئېلىشىپ قېلىش، كۆز ئېقى سارغىيىش، قوۋۇرغا ئاغرىش، ئالقان قىزىش، قان قۇسۇش، قان تۈكۈرۈش،

باش ئاغرىش ۋە باش قېيىش، كانائ قورۇش، ئاۋاز چىقماسلىق، يۈرەك چوگىيش، بۇرۇن شىللىق پەردىنىڭ سىپازلىنىشى، تىل مۇسكۇللىرىنىڭ پالەچلىنىشى، ئىشتىھاسىزلىق، ئانگىنا، روھىي كېسەللىك، ھىستېرىيە، نېرۋا خاراكتېرلىك يۈرەك سېلىشىنىڭ تېزلىشىپ كېتىشى، ئايلىنىپ كېتىش، نېرۋا ئاجىزلىق.(بۇ پەللە يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم پەللە ھېسابلىنىدۇ)




## 91. تۇڭ لى 通里 tong li

ئورنى: 神门 پەللىسىدىن تىك يۇقىرىدىكى 1 سۇڭ كېلىدىغان جايدا بولۇپ ئوڭ-سولدا بىر جۈپ.

**سانجىش يۆلىنىشى ۋە سانجىش چوڭقۇرلىقى:** پەللە ئورنىغا تىك ھالەتتە(يەنى تېرە يۈزى بىلەن 90 گرادۇسلۇق تىك بولۇڭ ھاسىل قىلىپ) 0.3- 0.5 سۇڭچە چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىدۇ.

